
# شەپەرەك بلەن قارلغاچ



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئىلشات تۇرسۇن

ISBN 978-7-5373-1646-0
9 787537 316460 >

ISBN978-7-5373-1646-0
（民文）定价：6.00 元

دا ۋىنچى ( ئىتالىيە )

# شەپەرەڭ بىلەن قارلىغاچ

تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىرجان ئاتاۋۇللا قوشماق

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（C I P）数据

蝙蝠和燕子：维吾尔文 /（意）达·芬奇（Da Vinci, L.）著；塔伊尔江·阿塔吾拉编译.—喀什：喀什维吾尔文出版社，2008.12

ISBN 978-7-5373-1646-0

I. 蝙… II.①达…②塔… III.①寓言—作品集—意大利—中世纪—维吾尔语（中国少数民族语言）②童话—作品集—意大利—中世纪—维吾尔语（中国少数民族语言）③故事—作品集—意大利—中世纪—维吾尔语（中国少数民族语言） IV.I546.13

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 210894 号

责任编辑：**吾拉木江·拜克日**

责任校对：**坎拜尔姑丽·吾斯曼**

# 蝙蝠和燕子

译者：**塔伊尔江·阿塔伍拉**

喀什维吾尔文出版社出版发行

（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）

各 地 新 华 书 店 经 销

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092 毫米 1/32 开本 3 印张

2008年 12 月第 1 版 2008 年 12 月第 1 次印刷

印数：1—3080 定价：6.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998—2653927

本书根据人民文学出版社 2007 年 7 月北京第 1 版，第 1 次印刷版本删节翻译出版。


مەسئۇل مۇھەررىرى: **غولامجان بەكرى**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**


# شەپەرەڭ بىلەن قارلىغاچ

تەرجىمە قىلغۇچى: **تاھىرجان ئاتاۋۇللا قوشماق**


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى:1092×787م م1/32 باسما تاۋىقى: 3
2008 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 3080ــ1

ISBN 978—7—5373—1646—0

باھاسى: 6.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون:2653927ــ0998

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


بۆرە.......................................................... 1
تىل بىلەن چىش.......................................... 2
قەغەز ۋە سىياھ........................................... 3
مايمۇنچاق بىلەن قۇش بالىسى........................ 4
ئۇستىرا...................................................... 5
يالقۇن........................................................ 7
چاقماق تېشى بىلەن چاقماق........................... 8
سۇ............................................................. 9
تامپىلەك...................................................... 10
قۇلۇپ تۆشۈكىدىكى ئۆمۈچۈك............................ 11
ئاي ۋە ئۇيستېر قۇلۇلىسى............................... 12
كېپىنەك قۇرتى............................................. 13
ھەقىقەت...................................................... 14
لائۇر دەرىخى، شاپتۇل دەرىخى ۋە نەشپۈت دەرىخى..... 15
ئانا شىر...................................................... 16
كاشتان بىلەن ئەنجۈر..................................... 17
تېرەك......................................................... 19
پەرۋانە بىلەن ئوت يالقۇنى.............................. 21
ئۆمۈچۈك بىلەن گۈلچېگى ھەرىسى..................... 23
پىيازگۈل..................................................... 24

ئورمان ياڭىقى بىلەن سائەت مۇنارى .... 25
ئوت بىلەن قازان .... 27
چۈمۈلە بىلەن بىر تال بۇغداي دېنى .... 29
ئۈزۈم شۈگى بىلەن قېرى دەرەخ .... 31
سەۋە قۇشى .... 32
دۆب دەرىخى .... 34
ئېرىق .... 35
تاش بىلەن يول .... 36
ئىشچى ھەرە ۋە ئەركەك ھەرە .... 38
ئورمان ياڭىقى .... 39
بۆرگە بىلەن قوي تېرىسى .... 40
يۆگىمەچ بىلەن كەسلەنچۈك .... 42
شاپتۇل .... 44
ئۆمۈچۈك بىلەن قارلىغاچ .... 45
ئورمان ياڭىقى بىلەن قارىياغاچ .... 46
بالىلارنىڭ ۋاپاسى .... 47
ئۈزۈم شۈگى بىلەن دېھقان .... 49
ئەركەك شىر .... 50
ئىخلاس .... 51
شۇمۇرت بىلەن سېرىققۇشقاچ .... 53
ئۆمۈچۈك بىلەن ئۈزۈم شۈگى .... 55
ئاق ئاغمىخان .... 56
قىسقۇچپاقا .... 57
ئۈيستېر قۇلۇلىسى بىلەن چاشقان .... 58
شەپەرەڭ بىلەن قارلىغاچ .... 59

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

تور ............................................ 60
شىر بىلەن قوزا ............................................ 63
مۇز ئۇستىدىكى ئېشەك ............................................ 64
لاچىن بىلەن سەۋە قۇشى ............................................ 65
كەك قورساقلىق ............................................ 66
تۆگە بىلەن ئۇنىڭ خوجايىنى ............................................ 67
قورقۇنچلۇق غەلىتە ھايۋان ............................................ 68
زەھەرلىك ئۆمۈچۈك ............................................ 70
شىر بىلەن خوراز ............................................ 71
بۈركۈت بىلەن ياۋا ئۆردەك ............................................ 72
مەسخىرىچى بۈركۈت ............................................ 73
ئېيىقچاق بىلەن ھەسەل ھەرىسى ............................................ 75
سوقۇشۇش ............................................ 76
چاڭقىغان ئېشەك ............................................ 77
بۈركۈتنىڭ ۋەسىيىتى ............................................ 78
ئورمانلىقتىكى بوز تورغاي ............................................ 80
چار يىلان بىلەن چۈغۈندەك ............................................ 82
ئاق تورنا ............................................ 83
تۈلكە بىلەن سېغىزغان ............................................ 85
ساقىيقۇش ............................................ 86
يىلان ئالۋاستى ............................................ 87
چەت ئەللىك ............................................ 89





# بۆره

بىر ئەركەك بۆره قوي توپىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قاپتۇ. ئۇ تولىمۇ گۇمانخور، ئېھتىياتچان بولغاچقا، يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن ئورمانلىقتىن چىقىپتۇ. سەزگۈر ئۇۋ ئىتىنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي مېڭىپتۇ. ئۇ ئاستا-ئاستا مېڭىپ قوي قوتىنىنىڭ ئالدىغا كەلسە، شۇنداق سەمرىگەن لىق بىر قوتان قوي تۇرغۇدەك.

ئالدىدىلا تۇرغان ئولجىنى كۆرۈپ، ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ، قورساقلىرى غولدۇرلاپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە بۆرىنىڭ بىر پۇتى تاشقا تېگىپ كېتىپ شەپە چىقىرىپ قويۇپتۇ-دە، بۆره كۆز ئالدىدىكى ئولجىدىن ۋاز كېچىپ، بەدەر قېچىپتۇ.

ئۇ شۇ قاچقىنىچە ئورمانلىققا كەپتۇ-دە، ھېلىقى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن پۇتىنى جازالاش ئۈچۈن قاتتىق بىرنى چىشلەپتۇ.



www.uyghurkitap.com





# تىل بىلەن چىش

بۇرۇن دائىم يالغان سۆزلەيدىغان بىر بالا بار ئىكەن. ئۇنىڭ سۆزىگە بەزىدە چوڭلارمۇ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قالىدىكەن.

— بۇ غەلىتە بىر تىل جۇمۇ، — دەپتۇ چىش تىلدىن نارازى بولۇپ، — ئۇ قاچانمۇ بىر دەم گەپ قىلماي تىنچلىنار؟

— سەنلەرنىڭ قايسى ئىشىڭغا توسقۇنلۇق قىلدىم؟ — دەپتۇ تىل مۇتتەھەملىك بىلەن چىشنىڭ سۆزىنى پەرۋايىغا ئالماي، — ساغلام بولاي دېيىشسەڭ ئازراق ۋاتىلداپ، ياۋاشلىق بىلەن مەن بەرگەن رىزىقنى چايناشنى بىلىش. ھەرقايسىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك گەپ يوق. ھەرقانداقىڭنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويمايمەن. ئالدىمدا تولا ئاتىكارچىلىق قىلىشما!

بالا ئاۋۋالقىدەكلا يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. تىل خۇشلۇقىدا ئاجايىپ-غارايىپ گەپلەرنى قىلىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى بالا زوق-شوق بىلەن سۆزلەۋېتىپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەپتۇ. چىش بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، تىلنى قاتتىق بىر چىشلەپتىكەن، تىل شۇ زامان قاناپتۇ. بالا نومۇس ۋە ئاھانەتتىن يىغلاپ تاشلاپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ تىل ئېھتىيات بىلەن گەپ قىلىدىغان، ھېلىقى بالا «ئويناپ سۆزلىسىمۇ ئويلاپ سۆزلەيدىغان» بوپتۇ.

# قەغەز ۋە سىياھ

شىرە ئۈستىدە تېخى ئىشلىتىلمىگەن بىر دەستە قەغەز تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ۋاراق قەغەز بىر ئادەمنىڭ پەي قەلەمنى ئېلىپ، پات-پات سىياھقا چىلاپ سۈركەۋېرىشلىرى بىلەن خەت، تىنىش بەلگىلىرى ۋە ھەر خىل شەكىللەرگە لىق توشتى.

—نېمىدەپ ئەيمەنمەستىن مېنى بۇنچە دەپسەندە قىلىسەن؟— دېدى غەزەپلەنگەن قەغەز شىرە ئۈستىدىكى سىياھ قۇتىسىغا، —ئۇنداق مەڭگۈ يۇيۇۋەتكىلى بولمايدىغان سىياھلىرىڭ بىلەن ئاقلىقىمنى بۇلغىساڭ، مەن كېرەكسىز بىر قەغەزگە ئايلىنىپ قالىمەن. ئۇ چاغدا مېنى كىم ئىشلىتىدۇ؟

—قايغۇرمىغىن، —دېدى سىياھ قۇتىسى ئىللىق چىراي بىلەن، —سېنى دەپسەندە قىلدىم، بۇلغىدىم ئەمەس، بەلكى يۈزۈڭگە ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى خاتىرىلەپ قويدۇم. ئەمدى سەن ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئاق قەغەز ئەمەس، بەلكى بىر مەكتۇپقا ئايلاندىڭ. ساڭا ئادەملەرنىڭ ئوي-پىكرى خاتىرىلىنىپ، ئەھمىيىتىڭ ۋە قىممىتىڭ ئاشتى.

ئاق كۆڭۈل سىياھ قۇتىسى توغرا ئېيتقانىدى. خوجايىن شىرە ئۈستىنى يىغىشتۇرغاندا، ھېلىقى «بۇلغانغان» قەغەزنى ئاۋايلاپ تارتمىسىغا سېلىپ قويۇپ، قالغان چاڭ-توزان باسقان قەغەزلەرنى ئوچاققا سېلىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# مايمۇنچاق بىلەن قۇش بالىسى

بىر مايمۇنچاق دەرەختە شاختىن شاخقا سەكرەپ ئويناۋېتىپ، بىر قۇش ئۇۋىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ قۇش ئۇۋىسىغا قولىنى سالغانىكەن، قۇش بالىلىرى بىراقلا ئۇچۇپ كېتىپ، ئۇۋىدا ئاجىز، ئۇچالمايدىغان بىرلا قۇش بالىسى قاپتۇ.

مايمۇنچاق خۇشلۇقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي، ئۇنى قوش قوللاپ كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. مايمۇنچاق بۇ قۇش بالىسىغا شۇنداق مەپتۇن بولۇپ كېتىپتۇكى، ئۇنى دەم سىلىسا، دەم سۆيۈپ، تىلى بىلەن يالايدىكەن؛ ھېلى ئالىقىنىغا ئېلىۋېلىپ ئويناتسا، ھېلى مەيدىسىگە قويۇۋېلىپ باخ-باخ ئېتىپ قۇچاقلايدىكەن.

مايمۇنچاقنىڭ ئانىسى قۇش بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ قويۇدىكەن، ئەمما بالىسىنىڭ بىغەرەزلىكى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدىكەن.

— ئانا قارىغىنا، ئۇ نەقەدەر ئوماق، نەقەدەر ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ-ھە! مەن ئۇنىڭغا بەك ئامراق، — دەيدىكەن مايمۇنچاق ھاياجانلىنىپ.

شۇنداق قىلىپ، مايمۇنچاق قۇش بالىسىنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ يۈرۈپ ئاخىر ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.







# ئۇستىرا

بىر ساتىراشخانىدا ناھايىتى چىرايلىق ھەم ئۆتكۈر بىر ئۇستىرا بار ئىكەن. بىر كۈنى دۇكاندا خېرىدار يوق، ساتىراش ئۇستام سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. توساتتىن ئۇستىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ مەيدىسىنى مەغرۇرانە كېرىپ، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى، راسا بىر ئايلىنىپ ئويناپ كەلگۈسى كەپتۇ.

ئۇ تېخى بوسۇغىدىن ئاتلىمايلا، قوياش نۇرىدا جۇلالىنىپ، دۇ-كاننىڭ تاملىرىنى يورۇتۇۋېتىپتۇ. بۇ ئاجايىپ مەنزىرىدىن كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەن ئۇستىرا قەلبى باشقىچە ھاياجانغا تولۇپ، بىر مەھەل ھوشىنى يوقىتىپتۇ.

—مەن مۇشۇنداق كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرلۇق تۇرۇپ، يەنە ساتىراشخانىغا قايتىمەنمۇ؟ —دەپتۇ ئۇستىرا ئۈنلۈك ئاۋازدا، —نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قايتمايمەن! بولمىسا ئۆمرۈم كۈن بويى ھېلىقى تومپايلارنىڭ سوپۇن سۈركەلگەن يىرىك، مەينەت چاچ-ساقاللىرىنى ئېلىش بىلەن نابۇت بولىدۇ. مەن شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپ، مۇشۇنداق ئىش ئۈچۈن يارالدىممۇ؟ قايتسام قەتئىي بولمايدۇ. بۇ دۇكاندىن ئايرىلىپ، خىلۋەت بىر جاينى تېپىپ يوشۇرۇنۇۋالاي.

بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپتۇ. ئۇدا يامغۇر ياغىدىغان كۈز پەسلى يېتىپ كەپتۇ. يوشۇرۇنۇپ يېتىۋېرىشتىن زېرىككەن ئۇستىرا سىرتقا چىقىپ ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنمەكچى بولۇپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن چىقىپ گىدەيگەن ھالدا تۆت تەرەپكە قاراپتۇ.

ئەستا، چاتاق بوپتۇ! نېمە گەپ بۇ ئەمدى؟ ئەسلىدە ھېلىقى ئۆتكۈر ئۇستىرا گاللىشىپ، دات باسقان بىر پارچە تۆمۈرگە ئايلىنىپ، پەقەتلا پارقىرىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— نېمىشقىمۇ ساختا شۆھرەتكە بېرىلگەن بولغىيتتىم؟ ئاق كۆڭۈل ساتىراش ئۇستام مېنى نەقەدەر ياخشى كۆرەتتى ۋە قەدىرلەيتتى-ھە! ئۇ مېنى شۇنداق ماختايتتى، مەندىن پەخىرلىنەتتى. ئاھ خۇدا، ئەمدى ئەپتىمدىن نېمىگە ئوخشاپ قالغىنىمغا قارىمامدىغان. تىغىم پارقىراقلىقىنى يوقىتىپ، پۈتۈنلەي دات بېسىپتۇ. تۇگىشىپتىمەن، ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا! — خاتالىقىنى تونۇپ يەتكەن ئۇستىرىنىڭ ئازابتىن دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.







# يالقۇن

ئەينەك قاچا-قۇچا ياساش كارخانىسى ئىش باشلىغىلى بىر ئايدىن ئاشتى. ئوچاقتىكى ئوت كېچە-كۈندۈز ئۆچمەيتتى. ئۇستاملار ئەينەكنى ئېرىتىپ نەپىس قاچا-قۇچىلارنى ياسايتتى.

بىر كۈنى، ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى ئوچاق بېشىغا قويۇپ قويۇلغان بىرونزا شامداننى كۆرۈپ قالدى. شامداننىڭ ئۇستىدە بىر شام يېنىقلىق تۇراتتى. ئوت يالقۇنىنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كېلىپ، پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شامنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتكۈسى كەلدى. ئوت يالقۇنى شامنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن بىتاقەت بولغان هالدا هە دەپ ئوچاقتىن سەكرەپ چىقىپ، ۋىژىلدىغان پېتى شامدانغا ئۆزىنى ئۇراتتى.

ئوت يالقۇنى تۇساتتىن ئاجىز شام يالقۇنىغا تۇتۇلۇپ قالدى. لېكىن، ئۇ شام يالقۇنى بىلەن بىللە كۆيۈشنى خالىمايتتى، جېنىنىڭ بارىچە ئوچاق ئىچىگە قايتىشقا هەرىكەت قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئوچاق ئىچىدىكى قېرىنداشلىرىدىن هەرقانچە ياردەم سوراپمۇ، قايغۇ-هەسرەت ئىلكىدە ئۆزىنى ئوچاق ئىچىگە هەرقانچە ئۇرۇپمۇ، مەهكەم تۇتۇۋالغان شامدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايتتى.

ئۇ ۋارقىرا، يىغلا، نالە ئېيتا، ئاخىر هالسىزلىنىپ، ئىسقا ئايلىنىپ كەتتى. ئوچاقتىكى ئوت بولسا ئاۋۋالقىدەكلا بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە هەمكارلىشىپ تېخىمۇ شىددەت بىلەن گۇرۇلدەپ كۆيۈپ، كۆزنى چاقناتقۇدەك يالقۇن چىقىراتتى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# چاقماق تېشى بىلەن چاقماق

چاقماق چاقماق تېشىغا قاتتىق سوقۇلدى.

—يا سېنى تونۇمىسام، يا ئەزەلدىن سەن بىلەن ئاداۋىتىم بولمىسا، نېمىدەپ ماڭا سوقۇلىسەن؟ مېنى ئاۋارە قىلمىغىن. قارىغاندا مېنى خاتا تونۇپ قاپسەن، —دېدى چاقماق تېشى تۇيۇقسىز زەربىدىن ئاچچىقى كېلىپ.

—ئاچچىقلانمىغىن دوستۇم، ساڭا مەقسەتسىزلا سوقۇلغىنىم يوق، —دېدى چاقماق كۈلۈپ تۇرۇپ، —سەل چىداپ تۇرساڭ، مۆجىزە يارىتالايدىغانلىقىڭنى هازىرلا كۆرىسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ چاقماقنىڭ ئۇرۇلۇشىغا چىداپ جىم تۇردى. ئاخىر چاقماق تېشى ھەقىقىي مۆجىزە پەيدا قىلالايدىغان ئۇچقۇن چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ چىدام-تاقەتنىڭ يارىشا نەتىجە كۆردى.








# سۇ

سۇ ئۆزىنىڭ ماكانى — دېڭىزدا غەم-ئەندىشىسىز ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ بىردىنلا ئاسمانغا چىققۇسى كېلىپ قاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆتتىن ياردەم سوراپتۇ. ئوت ئۇنى سانسىزلىغان ئۇششاق، ھاۋادىنمۇ يەڭگىل سۇ ھورلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

سۇ ھورلىرى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چىققاندا سوغۇق ھاۋاغا دۇچ كەپتۇ.

ئۇلار ئاسماننىڭ قەرىدە توڭلاپ لاغىلداپ كېتىپتۇ. ئىسسىنىش ئۈچۈن زىچ يىغىلىپتىكەن، ھاۋادىن ئېغىر بولۇپ كېتىپتۇ-دە، ناھايىتى تېزلا يامغۇرغا ئايلىنىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. سۇ شۆھرەتپەرەسلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ئاسمانغا چىققان بولسىمۇ، تېزلا قوغلىنىپ ۋە قۇرغاق تۇپراققا پاك-پاكىز سۈمۈرۈلۈپ، بىپايان دېڭىزغا قايتىپ كەلگۈچە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت يەر ئاستىدا جاجىسىنى يەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# تامپىلەك

ئېگىز ئۆسكەن چىتلاق يېنىدا بىر تۈپ دولانە دەرىخى ئۆسكەن بولۇپ، دولانە دەرىخىگە بىر تۈپ تامپىلەك مەھكەم ياماشقانىكەن. بىر كۈنى تامپىلەك دولانە دەرىخىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى چىتلاقتا چۈشۈپتۇ.

—ئاۋۇ تەرەپكە ئەجەب بارغۇم كەپكەتتى، —دەپتۇ تامپىلەك خورسىنىپ، —مېنىڭ يا ھەمىشە بىر جايدا تۇرۇۋەرگۈم كەلمىسە! نېمە دېگەنبىلەن ئۇ تەرەپتىكى چىتلاق بۇ تەرەپتىكىدىن ئېگىز ھەم چىرايلىق ئىكەن.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى كۆرۈپ بۇنىڭدىن تايىدىغان تامپىلەك پەقەت تىنچلىنالماپتۇ. ئۇ ئاستا-ئاستا ئۆسۈپ، كۆڭلىگە پۈككەن نىشانىغا بارغانسېرى يېقىنلىشىپتۇ. ئۇزاقتىن بېرى ئىنتىزار بولغان پەيت ئاخىر يېتىپ كەپتۇ. ئۇ قارشى تەرەپتىكى چىتلاقتا ئىلىنىشىپ، ياندىكى دەرەخنىڭ شاخلىرىغا مەھكەم چىرمىشىپتۇ. قەلبى غەلىبە شادلىقىغا تولغان تامپىلەك ئەسەبىيلەرچە خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

ئەپسۇس، كەچ كىرگەندە بىر يولۇچى بۇ يەردىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ يولنى توغرىسىغا تورىۋالغان يۇمران تامپىلەكنى يۇلۇپ ئېلىپ يولنىڭ يېنىدىكى زەيكەشكە تاشلىۋېتىپتۇ.





# قۇلۇپ تۆشۈكىدىكى ئۆمۈچۈك

بىر ئۆمۈچۈك ئۆينىڭ ئىچ-سىرتىنى بىر ئاختۇرۇپ چىقىپ، ئاخىرى قۇلۇپ تۆشۈكىنى ئۆزىنىڭ راھەت ماكانى قىلىپ تاللاپتۇ.

بۇ ھەقىقەتەن راھەت ھەم ئىشەنچلىك جاي. ئۆمۈچۈكنىڭ ئۇ يەرگە مۆكۈۋالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۆمۈچۈك بولسا ئۇ يەرگە مۆكۈۋېلىپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى خاتىرجەم كۆزىتەلەيدۇ.

«بوسۇغىغا بىر تور قۇرۇپ چىۋىن تۇتاي، پەشتاقىقىمۇ تور توقۇپ كىچىك ھاشاراتلارنى تۇتاي، ئىككى قانات ئىشىك ئوتتۇرىسىغىمۇ تۇزاق قۇرۇپ پاشا تۇتاي...» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغان ئۆمۈچۈك. ئۆمۈچۈك ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھېسابلاپتۇ، ئۇنىڭ قەلبى ئۈمىدكە تولۇپتۇ.

ئۆمۈچۈك دەل خام خىيالغا بەند بولۇپ، ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى تۈزۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ سەزگۈر ئاڭلاش نېرۋىلىرى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپتۇ-دە، ئۇ تۇغما ئېھتىياتچانلىقى تۈپەيلىدىن دەرھال «ئاكوپ»ىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۆي ئىگىسى قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بىر توپ ئاچقۇچنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ، قۇلۇپ تۆشۈكىگە سالغىنىكەن، شۇئان خىيالپەرەس ئۆمۈچۈكنىڭ مىجىقى چىقىپ كېتىپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئاي ۋە ئۈيستېر قۇلۇلىسى

ئۈيستېر قۇلۇلىسى ئايغا مەپتۇنكەن. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئايغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق مەجنۇندەك قارايدىكەن.

يېقىنلا جايدا مۆكۈپ ياتقان بىر قىسقۇچپاقا بىخەستە ئۈيستېر قۇلۇلىسىنىڭ ھەر قېتىم ئاي بولۇتلار ئارىسىدىن ئۈزۈپ چىققاندا، قاسىراقلىق ئىككى قاتتىق قېپىنى يوغان ئېچىپ، ھاڭۋاقتىلارچە ئايغا قارايدىغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈيستېر قۇلۇلىسىنى يېۋەتمەكچى بوپتۇ.

بىر كۈنى كەچتە، ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا، ئۈيستېر قۇلۇلىسى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قېپىنى يوغان ئېچىپ، ئايغا ئۆلگۈدەك قاراپ تۇرۇپتىكەن، قىسقۇچپاقا كىچىك بىر تاشنى ئامبۇردەك قىسقۇچ پۇتى بىلەن قىسىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ قېپىغا ئاستاغىنە تاشلاپتۇ. ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ئۈيستېر قۇلۇلىسى قاتتىق چۆچۈپ، ھاپىلا-شاپىلا قېپىنى يۇمماقچى بوپتۇ، ئەمما پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا يوق بوپتۇ. قىسقۇچپاقا تاشلىغان ھېلىقى تاش دەل بۇ بىتەلەينىڭ قېپىغا قىسىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ قېپى يۇمۇلماپتۇ.






# كېپىنەك قۇرتى

بىر كېپىنەك قۇرتى يوپۇرماق ئۈستىدە يېتىپ ئەتراپنى كۆزەتتى. ھەر خىل ھاشاراتلار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايتتى، بەزىلىرى ئۇچسا، بەزىلىرى يۈگۈرەيتتى... ھەممە يەر جانلىنىپ كەتكەن، پەقەت ئۇ بىچارىلا يا يۈگۈرەلمەي، يا ئۇچالماي بىر چەتتە بويىنىنى قىسىپ تۇراتتى.

ئۇ مىڭ تەستە ئازراق ئالدىغا سۈرۈلدى. بىچارە بىر يوپۇرماقتىن يەنە بىر يوپۇرماققا يۆتكەلگۈچە جاھاننى ئايلىنىپ چىققاندەك ھېرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۈمىدسىزلەنمىدى، باشقىلارغا ھەۋەس قىلىپمۇ كەتمىدى. ئۇ ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىشى بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۈمۈش رەڭ تالالارنى قۇسۇپ، ئۆزىگە پۇختا غوزەك توقۇيالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئازراقمۇ ئارىسالدا بولماي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەپ، ئازغىنە ۋاقىتتا ئۆزىنى ئىللىق پىلە غوزىكى ئىچىگە كىرگۈزۈپ بولدى.

—كېيىن نېمە بولارمەن؟— سورىدى كېپىنەك قۇرتى.

—ھەممە ئىش قانۇنىيىتى بويىچە بولىدۇ، —كېپىنەك قۇرتىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىر جاۋاب ياڭرىدى، —سەۋر قىل، كېيىن بىلىسەن.

ۋاقتى سائىتى توشۇپ، ئۇ ئويغاندى، ئەمما ئۇ ئىلگىرىكىدەك پۈت-قوللىرى كالامپاي كېپىنەك قۇرتى ئەمەس ئىدى. ئۇ غوزەك ئىچىدىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ چىقتى. تېنىگە چىققان بىر جۈپ يەڭگىلگىنە گۈللۈك قاناتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ خۇشلۇقىدا بىر قانات قېقىپلا خۇددى يەڭگىل ماموق پەيدەك يوپۇرماقتىن كۆتۈرۈلدى، ئۇچا-ئۇچا كۆك تۇمانلار ئىچىدە ئاستا-ئاستا غايىب بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى





# ھەقىقەت

ــ دۇنيادا ھەقىقەت يوق! ــ دېدى ئاغمىخاننىڭ قولىدا جان تالىشىۋاتقان چاشقان ۋىچىرلاپ.

ــ بۇ ئادالەتسىز زامان قاچانمۇ ئاخىرلىشار! ــ دېدى مۈشۈكنىڭ ئاغزىدىن ئامان قالغان ئاغمىخان دەرەختىكى كامىرىغا كىرىۋېتىپ زەردە بىلەن.

ــ ياشىغىلىمۇ بولمىسا، نېمە دېگەن ئادالەتسىزلىك! ــ دېدى تامغا چىقىۋالغان مۈشۈك ئۆزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ھاۋشىۋاتقان تايغانغا دەككە-دۈككىدە نەپرەت بىلەن قاراپ.

ــ ئاچچىقلانماڭلار، دوستلار! ــ دېدى دەرەخكە قونۇۋالغان مۈشۈكياپىلاق، ــ ئەمەلىيەتتە سىلەرنىڭ نارازىلىقىڭلاردىمۇ بىر ئۈلۈش ھەقىقەت بار. ئادالەت دېسىلەر، ئەجەبا ئۆزۈڭلارنىڭ ھوقۇقى بويىچە ھەممىڭلار بىر-بىرىڭلارنىڭ ئۈزۈقى ئەمەسمۇ؟

بۇنى ئاڭلاپ چاشقان تۆشۈكتىن بېشىنى، ئاغمىغان كامىرىدىن تۇمشۇقىنى چىقاردى، تامدىكى چىشى مۈشۈك ئەمدى ئالاقزادە بولمىدى، تايغانمۇ يەردە سۇنايلىنىپ ياتتى.

ــ ئادالەت، ــ دېدى مۈشۈكياپىلاق يەنە، ــ تەبىئەتتىكى ئەڭ ئالىي بۇ قانۇن، بارلىق ئاۋامنىڭ ئىناقلىقى ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بارلىق ھايۋانلار، ھەتتا ھاشاراتلارمۇ ئۇنىڭغا بوي سۇنۇشى كېرەك. سىلەر ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ قانداق ئىناق ياشايدىغانلىقىغا، قانداق ھەمكارلىشىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار.




# لائۇر دەرىخى، شاپتۇل دەرىخى ۋە نەشپۈت دەرىخى

بىر كۈنى بوك-باراقسان ئۆسكەن قېرى نەشپۈت دەرىخى ئالدىغا بېلىگە پالتا قىستۇرۇۋالغان ئىككى دېھقان كەلدى.

—ھوي، نەشپۈت! —ۋارقىرىدى لائۇر دەرىخى، —مېھمانلىرىڭ كەلدى، ئۇلارنى كۈتۈۋالغىن!

ئىككى دېھقان بەس-بەستە قوللىرىغا تۈكۈرۈشۈپ، نەشپۈتنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇشقا باشلىدى.

—بېشىڭ ساڭگىلاپلا كېتىپتىغۇ؟ —مەسخىرە قىلىپ سورىدى شاپتۇل دەرىخى نەشپۈتتىن، —ئىلگىرىكى ھەيۋەڭ نەگە كەتتى؟

—ياخشى كۈنلىرىڭ ئاياغلاشتى نەشپۈت، —ئاغزى ئاغرىغا تەگمەي يەنە ۋاتىلداشقا باشلىدى لائۇر دەرىخى، —ئەمدى يوپۇرماقلىرىڭ بىزگە چۈشىدىغان كۈن نۇرىنى توسۇۋالالمايدىغان بولدى.

—تۈگىشىدىغان بولدۇم، بۇ ماڭا ئايان، —پىچىرلىدى جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان نەشپۈت ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ، —لېكىن، مۇشۇككە ئويۇن چاشقانغا قىيىن دەپ، بەختسىزلىكىمدىن خۇش بولۇپ كېتىشىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. دېھقانلار مېنى كېسىپ قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك زاۋۇتىغا ئاپىرىدۇ، ئاندىن ئويمىكارلارغا مەندىن نەپىس ھەيكەللەرنى ياسىتىدۇ. ھۇ يارىماس ھاماقەتلەر! ھەرقايسىڭ نېمىگە كېرەككە كېلىشەتتىڭ، نېمىنى بىلىشەتتىڭ!

www.uyghurkitap.com





# ئانا شىر

نەيزە كۆتۈرۈشۈۋالغان بىر توپ ئوۋچى بىر ئانا شىرنى بايقاپ، تۆۋت چىقارماي شىرغا يېقىنلاپ كەلدى. ئانا شىر باللىرىنى ئېمىتىۋاتاتتى. ئۇ تۇساتتىن بىر يات ھىدنى ئېلىپ، خەتەرنىڭ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيدى. لېكىن ئۇ بەكمۇ كىچىككەن، ئوۋچىلار ئۇنى ئاللىقاچان قورشاپ، ئۇنىڭغا قول سېلىشقا ھازىرلىنىپ بولغانىدى.

قورااللانغان ئوۋچىلار ئالدىدا ئانا شىر چۆچۈپ پاراكەندە بولدى. ئۇ قاچماقچى بولدىيۇ، ئەمما ئۇنداق قىلسا باللىرىنىڭ ئوۋچىلار قولىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ نىيىتىدىن ياندى.

ئانا شىر ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە باللىرىنى قوغداش نىيىتىگە كېلىپ، ئۆزىگە توغرىلىنىپ بولغان نەيزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ، بىردىنلا خەتەرگە قارىماي بىر سەكرەپ ئوۋچىلارغا ئېتىلىۋىدى، ئوۋچىلار قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇنداق قىلىپ، قىلچىمۇ قوغدىنىش ئىقتىدارى بولمىغان شىر باللىرى قۇتۇلۇپ قالدى.



# كاشتان بىلەن ئەنجۈر

بىر كۈنى كاشتان يېنىدىكى ئەنجۈرنىڭ مەي باغلاپ پىشقان مېۋىسىنى ئۈزۈۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ئادەمنىڭ توختىماي ئاغزىغا لىق سېلىپ، تېز-تېز يەۋاتقىنىدىن ئەنجۈرنىڭ بەك تەملىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

—ماڭا قارا، قوشنام! —دېدى كاشتان ئەنجۈر دەرىخىگە نارازى بولغان قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ، —تەبىئەت قايسى گۇناھىڭ ئۈچۈن ساڭا بۇنچە ناھەق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ قارىغىنا، ئۇ مېنى نەقەدەر ياخشى ياراتقان! پۈتۈنلەي سېنىڭ ئەكسىچە، تاتلىق ۋە خۇش پۇراقلىق مېۋەم مۇستەھكەم قوغدالغان. تەبىئەت مېۋىلىرىمنى قەدىرلەپ، ھەقىقەتەن ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارغا شۇنچىۋالا قېلىن كىيىم كىيگۈزگەن. —كاشتان كۆرەڭلىك بىلەن مېۋىلىرىگە يېقىملىق بىر قارىۋېتىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، —تەبىئەت مېۋىلىرىمگە نېپىز ئىچ كىيىم، مۇستەھكەم چاپان كىيگۈزگەندىن كېيىن، يەنە ئالىي يوپۇق سوۋغا قىلغان. تېخىمۇ بىخەتەر قىلىش ئۈچۈن، بۇلارنى ئاز دەپ، ئۇلارنىڭ سىرتىغا تىكەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا، ئادەملەر ئۆزىنىڭ قۇلىقىنى كۆرەلمىگەندەك مېۋىلىرىمنى بايقاپ ئالالمايدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ئەنجۈر قاقاقلاپ كۈلدى.

—قېرىنداشىم، —دېدى ئەنجۈر كاشتانغا كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ، دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، —بۇنداق يېنىكلىك بىلەن يەكۈن چىقارساڭ ئىنسانلارنى قىلچە چۈشەنمىگەن بولىسەن. ئۇلار

ئەقىل-پاراسەتلىك، زېرەك ۋە چېچەن، مېۋەڭنى ئېلىپ، پوستىنى چىقىرىۋېتىپ يېيىشكە تامامەن قادىر. ئۇلار كالتەك، توقماق، تاياق بىلەن ئۇرۇپ جىنىڭنى چىقىرىپ، مېۋەڭنىڭ ھەممىسىنى ئالاتتى.

— مەن تەبىئەتكە رەھمەت-ھەشقاللا ئېيتىمەن، — دېدى ئاخىرىدا ئەنجۈر يەنە بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئىنسانلار ماڭا بەك سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلدۇ. مېۋىلىرىمنى قولى بىلەن ئۈزىدۇ، ئىمكانىبار ئېزىۋېتمەي ئاۋايلاپ ئالىدۇ. بۇ خىل كۆيۈمچانلىققا يارىشا مەنمۇ ئۇلارغا شېرىن مېۋەمنى ئاتا قىلغىنىمدىن شادلىنىمەن.



# تېرەك

ھەممىگە مەلۇم، تېرەك باشقا دەرەخلەردىن تېز ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ھەقىقەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بىر تۈپ ياش تېرەك تۇساتتىن تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ باقماقچى بولۇپ، يېنىدىكى ئۆزىگە يامىشىپ ئۆسكەن ئۈزۈمنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللاپتۇ.

—بىراق بۇ ئويۇڭ راستتىنلا غەلىتىكەن!— دەپتۇ ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، —ئۇنداق قىلساڭ زىيان تارتىسەن. ئۇ ساڭا قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلەر؟ بىز دېگەن يۇقىرىغا تىك ئۆسىدىغان دەرەخ، باشقا ئۇسۇلنى ئۆگىنەلمەيمىز.

ئەمما، ئۇ ياش تېرەك ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھوشىنى تاپمىغان بۇ ياش تېرەك بىر تۈپ ياش ئۈزۈم شۇڭى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ، ئۈزۈم شۇڭىنىڭ ئۆزىنى مەھكەم قۇچاقلىشىغا ماقۇل بولۇپتۇ؛ ئۇنىڭ قەلبى تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىققا تولۇپتۇ.

ئۈزۈم شۇڭى يۆلەنچۈككە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېز ئۆسۈپتۇ، تېخى ناھايىتى نۇرغۇن مېۋىلەپتۇ.

ئەقىللىق دېھقان ئۈزۈمدىن كۆزدە مول ھوسۇل ئېلىشنىلا ئويلىغاچقا، ئۈزۈم شۇڭىنىڭ تېرەككە مەھكەم يۆگەشكەنلىكى ئۈچۈن شۇنچە ياخشى ئۆسكەنلىكىنى كۆرۈپ، تېرەكنىڭ شاخلىرىنى ئۈزۈم شۇڭىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزمىسۇن، دەپ قويماي چاتىۋېتىپتۇ.

ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، تېرەك تەقدىرگە تەن بېرىشتىن

باشقا، ئۆزىنىڭ قامەتلىك تۇرقىنى تېپىشقا نېمە چارە قىلالىسۇن؟ ئۇ ئۆزىگە خاس تۇرقىدىن مەھرۇم بولۇپ، بىر تال تۈرۈككە ـ ئۈزۈم شېخى مېۋىلەيدىغان باراڭغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەمراھلىرى بولسا، شاخلىرىنى خاتىرجەم كەڭ يېيىپ، يوپۇرماقلىرىنى شامالدا چاۋاك چالدۇرۇپ، تېخىمۇ باراقسان، ئېگىز ئۆسۈپتۇ.







# پەرۋانە بىلەن ئوت يالقۇنى

چىرايلىق بىر پەرۋانە گۈگۈم سالقىنىدىن ھۇزۇرلىنىۋېتىپ توساتتىن يىراق جايدا چاقنىغان خىرە يورۇقلۇقنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يورۇقلۇق چىققان ئاشۇ جايغا قاراپ ئۇچتى. يېقىن كېلىپ قارىسا، ئۇ ئەسلىدە دېرىزىگە قويۇپ قويۇلغان كىچىككىنە بىر جىنچىراغ ئىكەن. پەرۋانە چىراغنى چۆرىدەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. بۇ يات نەرسە نېمىدىگەن گۈزەل-ھە!

پەرۋانە ھەۋەس بىلەن جىنچىراغنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. خۇددى گۈللۈكتە گۈل بەرگىگە قونۇپ ئىلەڭگۈچ ئۇچقاندەك، ئۇنىڭ ئوت يالقۇنىغا قونۇپ باققۇسى، ئوت يالقۇنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكۈسى كەلدى. ئۇ ئوت يالقۇنىغا يېقىنلاشقانسېرى، ئوت يالقۇنى ئۇنى بىللە ئويناشقا تەكلىپ قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ كەينىگە يېنىپ، بىر نەچچىنى چۆرگىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇل كېلىپ ئوت يالقۇنىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى.

بىراق، پەرۋانە سەل ئاغرىق سېزىمى بىلەن تەڭ دېرىزە تەكچىسىگە يىقىلىپ، بىر پۇتىنىڭ يوقلۇقىنى، قانىتىدىكى گۈللىك سىزىقلارنىڭمۇ يوقالغانلىقىنى سېزىپ ھەيران قالدى.

—بۇ نېمە ئىش؟ —پەرۋانە ئېسەنگىرەپ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىدى، ھەرقانچە ئويلاپمۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى. بۇ ئاجايىپ گۈزەل ئوت يالقۇنىنىڭ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇشىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەن پەرۋانە ئاستا-ئاستا دەككە-دۈككىدىن كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يەنە ئۇچتى.

ئۇ جىنچىراغنى بىرنەچچە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇدۇل يالقۇنغا

www.uyghurkitap.com

قونۇپ، ئىلەڭگۈچ ئۇچماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ بىردىنلا جىنچىراغ مېڭىغا يېقىلىپ، جىنچىراغنىڭ يېقىلغۇسى بولۇپ قالدى.

— سەن تولىمۇ رەھىمسىز بىر نېمە ئىكەنسەن، — پىچىرلىدى جان تالىشىۋاتقان پەرۋانە، — سەن بىلەن دوست بولاي دېگەن، ئەمما سەن مېنى ئۆلۈمگە ئىتتىردىڭ. مەن تولىمۇ كېچىكتىم، سەن رەھىمسىز ئالدامچىكەنسەن! سەن بىلەن دوست بولىمەن دەپ بەك زور بەدەل تۆلىدىم!

— بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ئىكەنسەن بىچارە پەرۋانە! — دېدى جاۋاب بېرىپ جىنچىراغ، — سەن مېنى ئاي نۇرى ئاستىدىكى گۈل دەپ ئويلاپ قالغانمىدىڭ، ئەجەبا بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىممۇ؟ مېنىڭ ۋەزىپەم كىشىلەرگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىش. مۇبادا كىم ئوتقا يەڭگىلتەكلىك قىلىدىكەن، مۇقەررەركى ئۇ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلىدۇ.







# ئۆمۆچۆك بىلەن گۈلچېكى ھەرىسى

ئۆمۆچۆك چىۋىن دائىم كېلىدىغان بىر جاينى تېپىپ، ئىككى تال دەرەخ شېخىنىڭ ئارىسىغا مۇستەھكەم ھەم يوشۇرۇن قىلىپ تور توقۇپ قويۇپ، ئۆزى بىر تال يوپۇرماقنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈپ ماراپ تۇردى.

ھايال ئۆتمەي ئۇ تورغا بىر چىۋىن چۈشتى. ئۆمۆچۆك يوپۇرماقنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ جان تالىشىۋاتقان ئولجىنى تۇتۇۋالدى.

يېقىنلا جايدا گۈلگە قونۇۋالغان بىر ھەسەل ھەرىسى ئۆمۆچۆكنىڭ سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى باشتىن-ئاخىر كۆرۈپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ پاك، ئالىيجاناب قەلبى بۇ خىل رەزىل قىلمىشنى سىغدۇرالمىدى-دە، ئۇ گىزىلداپ ئۇچقان پېتى ئۇدۇل قارانىيەت، مەككار ئۆمۆچۆككە ئېتىلىپ بېرىپ، جان ئالىدىغان زەھەرلىك نەشتىرىنى ئۆمۆچۆكنىڭ كاللىسىغا سانجىدى. شۇنىڭ بىلەن بەختسىزلىككە ئۇچرىغان چىۋىن ئامان قالدى.







ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# پىيازگۈل

تىچىنىس دەرياسى يىلان باغرى ئېقىپ لومباردىيە داللىرى ۋە يايلاقلىرىدىن ئۆتىدۇ. ياپپېشىل ئوت-چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن دەريا قىرىدا چىرايلىق بىر تۈپ پىيازگۈل ئۆسكەنىدى. ئەتراپىدىكى ياۋا گۈل-گىياھ، ئوت-چۆپلەر بەللىرىنى ئېگىشىپ، جېنىنىڭ بارىچە ئۇنىڭ كېلىشكەن ۋە چىرايلىق قەددىگە سايە تاشلاپ قويماسلىققا تىرىشاتتى. ئەمما، پىيازگۈل بولسا مەيىن شامالدا مەغرۇرانە نايناقلاپ، ھارماي سۇدىكى شولىسىدىن ھوزۇرلىناتتى.

دەريا سۈيىدىكى دولقۇن ئۇنىڭ گۈزەل قامىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە قەتئىي ئىرادە باغلىدى.

شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل دەريا دولقۇنلىنىپ، دولقۇن ھاياجاندىن مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. دولقۇن بىرخىل توسۇۋالغۇسىز ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە بارغانسېرى ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالمايتتى؛ دولقۇندىن كۆتۈرۈلگەن مەۋج پىيازگۈلگە چاچرايتتى، ئەمما پىيازگۈل پىسەنتىگە ئالماي، تېخىمۇ گىدىيىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ۋە ئەۋرىشىم قامىتىنى كۆز-كۆز قىلاتتى.

دولقۇن دەريا قىرىغا زەرب بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇلۇۋېرىپ، ئاخىر «گۈلۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك دەريا قىرى گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن تەك ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان پىيازگۈل شىددەتلىك ئېقىنغا غەرق بولدى.





# ئورمان ياغىچى بىلەن سائەت مۇنارى

بىر قاغا بىر تال ئورمان ياغىچىنى تېپىۋېلىپ، خۇشلۇقتا بىر سائەت مۇنارىغا قوندى-دە، ئورمان ياغىچىنى چىڭ قامااللاپ چوقۇلاشقا باشلىدى. ئەپسۇس! ئۇ قاتتىق چوقۇغانمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەبتىنمۇ، ئورمان ياغىچى توساتتىن ئۇنىڭ پەنجىسىدىن چاچراپ چىقىپ، مۇنار تېمىنىڭ چېكىگە كىرىپ كەتتى.

—ئىھ ! ئاق كۆكۈل، پاناھگاھ مۇنار، —دېدى قاغا چوقۇپ بىھوش قىلىۋەتكەن ئورمان ياغىچى كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا ھوشىغا كېلىپ، —مېنى تاشلىۋەتمىگىن، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن! سەن شۇقەدەر مۇستەھكەم ھەم ھەشەمەتلىك، مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك چوڭ سائەتنىڭ ئىگىسى. مېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمىگىن!

بۇنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچقان سائەت مۇنارىغا ياڭاقنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە ئىشەنمەسلىكنى، بولمىسا تۆگىمەس بالاغا قېلىش خەۋپى بارلىقىنى جېكىلەپ، بوش ئاۋازدا بىر نەچچە سىگنال ئۇردى.

—ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ قۇتۇلدۇرمىساڭ بولماس، مەن بىر باشپاناھسىز يېتىم، —ئورمان ياغىچى تېخىمۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ، جېنىنىڭ بارىچە سائەتنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشۈشنىڭ كويىدا بولدى، —ئەسلى تۇغۇپ ئۆستۇرگەن شاختىن ئايرىلىپ، نەم تۇپراققا چۈشسەم بولاتتى، كۆتۈلمىگەندە قاراقچىغا يولۇقتۇم. ئاچ كۆز قاغىنىڭ ئاغزىدىكى چاغدىلا: «قەيەرگە چۈشسەم مەيلى، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپلا قالسام، سىڭگەن نېنىمنى يەپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى سۆكۈتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئۆتكۈزىمەن» دەپ قەسەممۇ قىلدىم.

ياڭاقنىڭ قايناق ھېسسىياتقا تولغان سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن سائەت مۇنارى ھاياجاندىن كۆزىگە ياش ئېلىپ، سائەتنىڭ مېھمىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى قارىماي، ياڭاققا يوللۇق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ تام چېكىدە تۇرۇۋېرىشىگە ماقۇل بولدى.

ۋادەرىخا! ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئورمان ياڭىقى ماغدۇرىغا كېلىپ، ئەيمەنمەستىن يىلتىز چىقىرىپ، سەممىي، مېھماندوست مۇنارنىڭ تېمىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي تام چېكىدىن بىخ سۇرۇپ چىقىپ، ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي ئۆسۈشكە باشلىدى. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ياڭاق كۆچىتىگە ئايلىنىپ، سائەت مۇنارىدىن خېلى كۆپ ئېگىزلەپ كەتتى.

ئورمان ياڭىقىنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە يىلتىزلىرى تامنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، بارغانسىرى تامنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئورغۇنلىغان كېسەكلەرنى سىقىپ چىقىرىۋەتتى.

قوڭغۇراق مۇنارى ھوشىنى تولىمۇ كېچىكىپ تاپقانىدى. باشتا «سىڭگەن نېنىمنى يەپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى سوكۇتتە ئۆتكۈزىمەن» دەپ قەسەم ئىچكەن، ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ قەسەمخور ئورمان ياڭىقى ئەمەلىيەتتە بىر مۇغەمبەر بولۇپ چىقتى. ئەمدىلىكتە بولسا، سائەت مۇنارى يېنىكلىك قىلىپ خەققە ئىشىنىپ كەتكىنىگە ئۆزىنى ئەيىبلەپ، باشتا ئەقىللىق سائەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشتىن باشقا، بۇ ئورمان ياڭىقىغا ھېچقانداق ئامال قىلالمايتتى.

ئورمان ياڭىقى ئەيمەنمەستىن باراقسانلاپ ئۆسۈۋەردى، سائەت مۇنارى بولسا غۇلاپ چۈشەيلا دەپ قالدى.

# ئوت بىلەن قازان

كۆلدىكى بىر تال چوغ ئۇچۇپ قالماي ئۇزاقراق كۆيۈش ئۈچۈن ئاخىرقى ئىسسىقلىقىنى ئاياپ تارقىتىۋاتاتتى

تاماق ئېتىدىغان ۋاقىت بولدى. ھارارىتى تېخى تۈگىمىگەن كۆل ئۈستىگە يەنە قۇرۇق ئوتۇن تاشلاندى. بىر تال سەرەڭگە چېقىلىپ، چوغنى يەنە ياندۇردى. ئوچاققا بىر قازان ئېسىلغاندى، ئوتۇن ئاستا-ئاستا يالقۇنلاشقا باشلىدى، قازاندا شورپا قاينايتتى.

ئوت قۇرۇق ئوتۇنغا ئۇچراشقىنىغا خۇش بولۇپ، ئاستا-ئاستا كۆيۈشكە باشلىدى-دە، ئوچاقنىڭ ئىچى يەنە ھاياتىي كۈچكە تولدى. ئوت يالقۇنى ئوتۇن بىلەن ئوينىشىپ، ئوتۇننى ئوراپ ئېلىپ يۇقىرى-تۆۋەن سەكرەپ، بارغانسېرى ئۇلغايدى.

ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرۈپ، پاراس-پۇرۇس ئاۋاز چىقىراتتى؛ ھەدەپ ئۇچقۇن چاچرىتىپ، ئاشخانىدا ھەرخىل سايىلەرنى شەكىللەندۈرەتتى؛ سايىلەر ئۆينىڭ ئۇ بۇلۇڭىدىن بۇ بۇلۇڭىغا چاپاتتى. شوخ ئوت يالقۇنىمۇ ھاياجانلىنىپ، كۈچىنىڭ بارىچە ئوچاقتىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى. ھايال ئۆتمەي پۈتكۈل ئوچاق بىرخىل رىتىمسىز ئاھاڭنى ئورۇنداشقا باشلىدى، بىردەم قاتتىق ۋارقىرىسا، بىردەم يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتاتتى. تۇرۇپلا غەلىتە ئاۋاز چىقارسا، تۇرۇپلا نالە قىلىپ چىرقىرايتتى. ئاشخانا ئىچى قايتىدىن ئىللىپ، يورۇپ كەتتى.

قۇرۇق ئوتۇننى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ كونترول قىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقاتقان ئوت قوپاللاشقىلى ۋە تەرسالاشقىلى، ئۆزىنى چوڭ

تۇتۇپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي، ئوچاق ئىچى ئۆرىگە تار كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئوت ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ۋىژىلداپ، ئوچاقنىڭ ھەممە يېرىگە ئۇچقۇننى چېچىپ، ئۆزىنى چەكلەپ قويغان بۇ جايدىن قۇتۇلۇش كويىدا زەرب بىلەن ئۆرلىدىيۇ، يەنە دەرھال پەسلەپ قالدى...ئەسلىدە ئۇ قاپقارا ئىسلانغان قازاننىڭ تېگىگە ئۇسۇپ، بۇرنىنى قارا قىلىۋالغانىدى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# چۈمۈلە بىلەن بىر تال بۇغداي دېنى

ھوسۇلى يىغىۋېلىنىپ بولغان ئېتىزدا بىر تال بۇغداي دېنى قەھرىتان سوغۇق كېلىشتىن ئىلگىرى توپىغا كۆمۈلۈۋېلىش ئۈچۈن يامغۇرغا تەشنا بولۇپ تۇرغانىدى.

بۇ يەردىن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چۈمۈلە ئۇنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلجىنى كۆرۈپ خۇش بولغان چۈمۈلە قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئېغىر بۇغداينى كۆتۈرۈپ، قىينالغان ھالدا ئۇۋىسىغا قاراپ ئۆمىلىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۇۋىسىغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن بىردەممۇ ئارام ئالمىدى. ئۆشنىسىدىكى بۇغداي دېنى بارغانچە ئېغىرلاشتى.

— نېمىشقا بۇنچە جان قىينايسەن؟ سەندىن ئۆتۈنەي، مېنى بۇ يەرگە قويۇپ قويغىن! — دېدى بۇغداي دېنى.

— سېنى يوقىتىپ قويسام، — دېدى چۈمۈلە، — بۇ قىش بىز ئاچ قالىمىز. بىزنىڭ نوپۇسىمىز بەك جىق، شۇڭلاشقا يېتەرلىك ئاشلىق تەييارلىۋېلىش ئۈچۈن، ھەممىمىز يېمەكلىك تېپىشىمىز كېرەك.

— سىلەر سادىق ئەمگەكچىلەر، — دېدى بۇغداي دېنى بىر پەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن، — بۇرچىڭلارنى بىلىمەن. لېكىن، سەنمۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. ئەقىللىق چۈمۈلە سەن مېنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشىمگە قۇلاق سالغىن.

ھاردۇق يېتىپ ئارام ئالغۇسى كېلىپ تۇرغان چۈمۈلە بۇغداي دېنىنى يەرگە قويۇپ ئارام ئالدى.

— سەن بىلمىسەڭ كېرەك، — دېدى بۇغداي دېنى، — مېنىڭ

ھاياتىي كۈچۈم ناھايىتى زور. مېنىڭ تەبىئىتىم قايتا ئۇنۇش. بىز كېلىشىم ئىمزالايلى.

— قانداق كېلىشىم؟

— مۇنداق: ئەگەر سەن مېنى ئۇۋاڭغا ئەكەتمەي، ئېتىزلىقتا قويۇپ قويساڭ، كېلەر يىلى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يۈزدىن ئارتۇق ماڭا ئوخشاش بۇغداي دېنىغا ئېرىشىسەن.


ھەيران قالغان چۈمۈلە ئىشىنىپ-ئىشەنمەي بېشىنى چايقىدى.

— ماڭا ئىشەنگىن سۆيۈملۈك چۈمۈلە، گېپىمنىڭ راستلىقىغا قىل سىغمايدۇ. ماڭا بەلگىلىك ۋاقىت بەرسەڭ، قىلغان سەۋرەڭگە ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇرىمەن. ئۇۋاڭلارغا ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتمەيدۇ.

چۈمۈلە گەدىنىنى قاشلاپ: «بىر تالغا يۈز تالنى تېگىشىش، بۇ بىر ئەپسانە خالاس» دەپ ئويلىدى.

— قانداقمۇ بۇنچە كۆپ بۇغداي دېنىغا ئايلىنالايسەن؟ — سورىدى پەقەت ئىشەنگۈسى كەلمىگەن چۈمۈلە گاڭگىراپ.

— خاتىرجەم بولغىنا! — دېدى بۇغداي دېنى، — بۇ ھاياتىنىڭ سىرى. بۇ يەرگە ھازىر يەرنى كولاپ مېنى كۆمۈپ قويۇپ، كېلەر يىلى يازدا كېلىپ قاراپ باقمامسەن!



چۈمۈلە 2- يىلى پۇتۇشكەن ۋاقىتتا يەنە ئېتىزلىققا كەلدى. بۇغداي دېنى ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى.

# ئۈزۈم شۈكى بىلەن قېرى دەرەخ

بىر كۈنى بىر توپ ئۈزۈم شۈكىنىڭ مۇستەقىل، ئەركىن-ئازادە ياشىغۇسى كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر توپ قېرى دەرەخكە ياماشتى. باشقا ئۈزۈم شۈكلىرى بولسا، ئادەتتىكىدەك دېھقان ياسىغان باراڭغا يامىشىپ ئۆسكەنىدى.

— بۇ قېرى دەرەخكە ياماشساڭ ساڭا نېمە پايدىسى؟ ئۇ قۇرۇپ قالايلا دەپ قاپتۇ، قاراسىدە سۇنۇپ يىقىلسا قانداق قىلىسەن؟ — سورىدى باشقا ئۈزۈم شۈكلىرى ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ھەيران بولۇپ.

— ئەنسىرىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسى بويىچە ياشايمەن، — دېدى تەرسا ئۈزۈم شۈكى ئەدەپسىزلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ. ئۇ ھەممە ئۈزۈم شۈكلىرىدىن ئېشىپ كېتىپ كۈن نۇرىنى يوپۇرماقلىرىغا تولۇق چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۆمرىنى ئۇزارتىشنىلا ئويلىغاچقا، جېنىنىڭ بارىچە ھېلىقى قېرى دەرەخكە يامىشىۋەردى.

ئەمما، ئۇ تاللىغان بۇ قېرى دەرەخ كۆپلىگەن شاخ-يوپۇرماقلىرى ئاللىقاچان قۇرۇپ، ئازراق شامالدىمۇ پۇلاڭشىپ، يىقىلايلا دەپ قالغانىدى.

ئاخىر بىر كۈنى قېرى دەرەخ ئىگىرىغان پېتى يىقىلدى. ھېلىقى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئۈزۈم شۈكى ئېغىر دەرەخنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ تۈگەشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى





# سەۋە قۇشى

بىر قۇرتنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن سەۋە قۇشى باللىرىنىڭ ئۇۋىسىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۈن سېلىپ يىغلىغان پېتى باللىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى ئورمانلىقنى بىر ئالدى، ئەمما، باللىرىنىڭ ھېچقانداق دېرىكى بولمىدى.

ئەتىسى سەھەردە بىر سۇندۇك بەختسىز سەۋە قۇشىغا ئۇچراپ، ئۇنىڭ باللىرىنى بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىدا كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. سەۋە قۇشى كۈتۈلمىگەن خۇش خەۋەردىن شادلىنىپ، شۇئان سۇندۇك دەپ بەرگەن ھېلىقى ھويلىغا كەلدى.

ئۇ ئۆي ئىچىگە دېرىزىدىن قاراپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزى دېرىزە بېشىغا ئېسىقلىق قەپەسكە چۈشتى. باللىرى قەپەسكە سولاقلىق تۇراتتى. سەۋە قۇشى بىردىنلا قەپەسكە ئۆزىنى ئاتتى.

ئاتىسىنى كۆرگەن سەۋە قۇشى باللىرى ھەسرەتلىك يىغلىدى. سەۋە قۇشى جېنىنىڭ بارىچە تاتىلاپ، چوقۇپ، بارلىق ئاماللار بىلەن قەپەسنى بۇزۇپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇندى. ئەمما، تىرىشچانلىقلىرى كارغا كەلمەي، بىر ھازا قاتتىق يىغلىغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.


ئەتىسى دەرد-ئەلەم دەستىدىن جېنىدىن تويغان سەۋە قۇشى بەختسىز باللىرى سولانغان قەپەسنىڭ قېشىغا كېلىپ چوڭقۇر مېھرى بىلەن ئىچىدىكى باللىرىغا بىر ھازا قارىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يوغان ئاچقان ئاغزىغا تۇمشۇقىنى بىر-بىرلەپ تەگكۈزدى.

سەۋە قۇشى بىر تال ئوتنى باللىرىنىڭ تۇمشۇقىغا تەگكۈزۈپ

قويۇۋىدى، هايال ئۆتمەي ئۇنىڭ باللىرى قەپەس ئىچىدە تىنىقتىن قالدى... ئەسلىدە ئۇ بىر تال زەھەرلىك ئوت ئەكەلگەنىكەن.

ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان سەۋە قۇشى چەكسىز ھەسرەت ئىچىدە:

— قەپەسكە سولىنىپ ئازاب چەككەندىن ئۆلگەن ياخشى، — دەپلا ئورمانلىققا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تارقاتقۇچىسى

# دۇب دەرىخى

باغچىدا بىر تۈپ دۇب دەرىخى ئۆسۈپتۇ. ئۇ يىلدىن-يىلغا قويۇق شاخلىرى پەستىكى دەل-دەرەخلەرگە كۈن بەرمىگۈدەك دەرىجىدە يوغىناپ، بويى ئۆسكەنسېرى ھاكاۋۇرلىشىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ:

— بۇ بىچارە ئورمان ياڭىقىنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە قاراپ. شۇنىڭ بىلەن ئورمان ياڭىقى كېسىپ تاشلىنىپتۇ.

— بۇ يىرگىنىشلىك ئەنجۈر بىلەن ئەمدى قوشنا بولغۇم يوق! ئۇنىڭ كالانپاي تۇرقىنى كۆرسەم ئىچىم ئېلىشىدۇ! — مىجەزى ھەدەپ ئوساللىشىپ كېتىۋاتقان دۇب دەرىخى يەنە بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنجۈرمۇ كۆلپەتلىك تەقدىرگە دۇچ كەپتۇ. ئاتىكارچا دۇب دەرىخى بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماپتۇ.

— بۇ قاقشال مېۋىلىك دەرەخلەرنىمۇ كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار! — دەپتۇ ئۇ چىرايلىق شاخلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن.

شۇنداق قىلىپ، بىشەم دۇب دەرىخى ئەتراپىدىكى دەل-دەرەخلەرنى بىر-بىرلەپ يوقىتىپ، باغچىنىڭ بىردىنبىر خوجايىنىغا ئايلىنىپتۇ.

ئەپسۇس، بىر كۈنى قاتتىق بوران چىقىپتۇ. دۇب دەرىخى جىمى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، كۈچلۈك توم يىلتىزلىرى بىلەن يەرگە چىڭ ئېسىلىپتۇ. ئەمما، رەھىمسىز بوران باشقا بىرمۇ دەرەخ بولمىغاچقا ئۇدۇل دۇب دەرىخىگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ، قەددىنى پۈكۈپتۇ. دۇب دەرىخى چىداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر قاراسىدە سۇنۇپ يىقىلىپتۇ.





# ئېرىق

ئۆتۈپ كەتكەن شاللاق بىر ئېرىق ئۆزىدىكى سۇنىڭ يامغۇردىن كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بىر قېتىملىق كەلكۈندە ئېرىقتىكى سۇ شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېرىق ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىپ، بىر ئەزىم دەرياغا ئايلىنىشنى ئارزۇ قىپتۇ.

ئېرىق دولقۇن كۆتۈرۈپ زەرب بىلەن قاشقا ئۇرۇلۇپ، قاشتىكى لايلارنى ئېقىتىپ، تاشلارغا قېقىلىپ، كېڭەيمەكچى بوپتۇ.

ئەمما بۇ چاغدا، شامال قارا بۇلۇتنى ھەيدەپ كېتىپ، ئوتتەك قۇياش قايتىدىن بېشىنى چىقىرىپتۇ. ئۆزىنى بىلەلمىگەن ئېرىق ھوشىنى تاپقۇچە بىر تۇغاندا توسۇلۇپ قاپتۇ. توختام سۇغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇ تاكى ھەقىقىي دەرياغا قۇيۇلغۇچە، قالايمىقان تاشلار ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تادىرىسى
www.uyghurkitap.com

# تاش بىلەن يول

ئىلگىرى چىرايلىق بىر تاش بارىكەن. ئۇ تاغدىكى جىرالاردىن شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇ يالاپ قاشتېشىدەك پارقىرىتىۋەتكەچكە، كۈن نۇرىدا يالت-يۇلت يالتىرايدىكەن.

ئېرىق بارا-بارا قۇرۇپ كېتىپتۇ، تاش ئەسلىي ئورنىدا تۇرۇۋېرىپتۇ، تاشنىڭ ئەتراپى ياپيېشىل گۈلچىمەنلەر بىلەن قاپلىنىپتۇ. تاش تاغ ئېتىكىدىكى كەڭ يولنى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا دۆۋىلەنگەن شېغىللارنى ئېنىق كۆرەلەيدىكەن.

تاش ئەمدى سۇنىڭ شىلدىرلىغان شادلىق ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي، غېرىبسىنىپ زېرىكىشكە باشلاپتۇ. ئۇ ھەممە نەرسە ئۆتۈپ تۇرىدىغان يولغا دائىم قارايدىكەن، قارىغانچە بىئارام بولىدىكەن. قەلبىدىكى ھەسرەتكە چىدىمىغان تاش ئاخىر بىر كۈنى:

— مەن بۇنداق غېرىبانە ياشىمايمەن! ياۋا گۈل-گىياھلارنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى؟ قايناق ھاياتقا تولغان چوڭ يولدا ھەمشىرىلىرىم بىلەن مەنىلىك ياشايمەن، — دەپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ-دە، شۇئان يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگۈچە ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي پەسكە دومىلاپ، ئاكا-ئىنى ھەمشىرىلىرىنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

يولدا ماڭمايدىغان نېمە بار! يول دېگەننى تۆمۈر قاققان ھارۋا چاقلىرى يانجىپ، يولۇچىلارنىڭ پاشنىلىق كەشلىرى، دېھقانلارنىڭ نال قويغان ئۆتۈكلىرى، ئۆي-كالا، ئات-ئېشەك، ئۆچكە-قويلارنىڭ تۇياقلىرى قالماي ئاياغ ئاستى قىلىپ، مەڭگۈ ئارام تاپتۇرمايدۇ.

تاش يولغا چۈشكەندىن بىرى يول دۇچار بولغان قىسمەتلەرگە ھەمشىرىك بولۇپ، بىرمۇ يېرى ساق قالماي، تېزەك-ماياقلارغا مىلىنىپ، بۇلغىنىپتۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىشچى ھەرە ۋە ئەركەك ھەرە

— سىلەر ھورۇنلاردا يوسۇن يوق، — دېدى ئالدىراش يۈرگەن بىر ئىشچى ھەرە ساندۇقتا قالايمىقان ئۇچۇپ يۈرگەن ئەركەك ھەرىلەرنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماي، — ئەمگەك قىلمايسىلەر، نومۇس قىلىشنى ئەسلا بىلمەيسىلەر! سىلەر ئەتراپىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، ھەممەيلەن يېمەكلىك غەملەش بىلەن ئالدىراش. چۇمۇلە جېنىدا كىچىكلىكىگە باقماي، ئۇلۇغۋار غايە ۋە يۈكسەك ئىرادىنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىچە تىنىم تاپماي، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. دەپ قوياي، قىش كېلەي دەپ قالدى.

— ئەجەب بىر ياخشى ئۈلگىنى كۆرسەتتىڭغۇ! — دېدى ئىشچى ھەرىنىڭ گېپىگە چىدىمىغان بىر ئەركەك ھەرە تەنە قىلىپ، — سەن ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن چۇمۇلە دېگەنچۇ، مول ھوسۇلنىڭ دۈشمىنى! ئۇ پەس ئاچ كۆز ئاشقان-تاشقان، ئۇششاق-چۈششەك دېمەي، نېمە كەلسە نومۇس قىلماي ئۇۋىسىغا توشۇيدۇ.





# ئورمان ياڭىقى

باغنىڭ چىتلاق تېمى ئىچىدە نۇرغۇن مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسكەن بولۇپ، ھەر يىلى باھاردا پۈتكۈل باغ رەڭگارەڭ چېچەكلەرگە پۈركەنسە، ياز پەسلىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، باغدىكى مېۋە دەرەخلىرى مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرگە تولغان شاخلىرىنى كۆتۈرۈشەلمەي قىلىشاتتى.

بىر كۈنى بۇ تىرىشچان، دوستانە چوڭ ئائىلىگە ئۇشتۇمتۇت بىر تال ئورمان ياڭىقى كەلدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۈنۈپ بىر تۈپ ئورمان ياڭىقىغا ئايلانغاندىن كېيىن، بەكمۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا باشلىدى.

— نېمىدەپ باغدا چىتلىنىپ ياشىغۇدەكمەن؟ — ئورمان ياڭىقى غۇدۇڭشىدى، — بۇ يەردە دەرۋىش كەبى ياشىسام ھەرگىز بولمايدۇ، شاخلىرىمنى چىتلاقتىن چىقىرىپ، ئاجايىپ مېۋە بېرەلەيدىغانلىقىمنى ھەممىگە بىلدۈرۈپ قويىمەن!

شۇنىڭ بىلەن ئورمان ياڭىقى شاخلىرىنى ئېگىز چىتلاق تامتىن ئارتىلدۇرۇپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

كۈز كەلدى، ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئورمان ياڭىقىنىڭ مېۋىگە تولغان شاخلىرىنى ئېگىپ سۇندۇرغىلى، قولى يەتمىسە تاياق، تاشلار بىلەن سوققۇلى تۇردى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئورمان ياڭىقى مېۋىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىنى ئاز دەپ، شاخ-يوپۇرماقلىرىدىنمۇ قۇرۇق قالدى، باغ ئىچى بولسا ھاياتى كۈچكە تولۇپ، ئالما، ئامۇت، شاپتۇل دەرەخلىرى مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرگە تولغان شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





# بۆرگە بىلەن قوي تېرىسى

بىر سەكرەپلا ئىتتىنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ مامۇقتەك تۈكنىڭ ئارىسىدا خاتىرجەم ياشاپ كەلگەن بىر بۆرگە بىر كۈنى تۇساتتىن يېڭى تېرىنىڭ ئادەمنى مەست قىلىدىغان خۇشبۇي ھىدىنى ئېلىپ قالدى.

—نېمىدۇ بۇ؟ —بۆرگە بەكمۇ قىزىقىپ، بىرنەچچىنى سەكرىدى. بىردىنلا ئۆزى تايىنىپ كېلىۋاتقان ئىتتىنىڭ يۇمشاق بىر قوي تېرىسىدە سوزۇلۇپ يېتىپ، تاتلىققىنا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

—ئەجەب چىرايلىق قوي تېرىسىكىنا! نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇنداق قوي تېرىسىنى چۈشەپ يۈرگەن ئەمەسمىدىم! —بۆرگە ئۈنلۈك ماختايتتى، كۆزىنى قوي تېرىسىدىن ئۈزمەيتتى، —قارا، ئۇنىڭ يۇڭى نېمانداق قېلىن، نېمانچە پارقىراق، نېمىدېگەن كۆركەم! مۇشۇنداق تېرىدە تۇرسام ئىتتىنىڭ چىش-تىرناقلىرىدىن ئەنسىرىشىمنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ھېلىمۇ ئىتتىم بەك چىددىدى. ئۇ پات-پات ئۇچىسىنى ساراڭدەك قاشلاپ مېنى ئىزدەيدۇ. بۇنداق مۆكىمۆكىلەك ئوينايدىغان تۇرمۇشتىن بىزار بولغىلى نەۋاق! قوي تېرىسى چوقۇم ئىت ئۇچىسىدىن تىنچ ھەم راھەت.


بۆرگە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بىر سەكرەپلا قوي تېرىسىگە چۈشتى.

ئەمما، ئىش ئويلىغان يەردىن چىقمىدى. قوي تېرىسىنىڭ يۇڭى زىچ، ئۇزۇن بولغاچقا، ئىنچىكە يۇڭلار ئۇنىڭ پۇت-قولىغا چاپلىشىۋېلىپ، مېڭىشىنى تەسلەشتۇردى. ما ئىشنى ئەمدى! ئاشلانغان تېرە تاشتەك قېتىپ، ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.




ھېرىپ، پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلۈپ، قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن بۈرگە تاقىتى تاق ھالدا ئۆزى ئادەتلىنىپ قالغان ئىتنىڭ ئۇچىسىغا قايتىپ، ئىلگىرىكىدەك ياشىماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ يۇڭ ئارىسىدىن چىقىپ قارىۋىدى، ئىتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

تولىمۇ يېنىكلىك قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان بىچارە بۈرگە قوي تېرىسىدە ئۇدا بىرقانچە كېچە-كۈندۈز جان تالاشتى.







ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# يۆگىمەچ بىلەن كەسلەنچۈك

چىرايلىق بىر يۆگىمەچ ياپيېشىل يوپۇرماقلىرىنى يېيىپ، كۈن نۇرىدا مايلىغاندەك پارقىرايتتى. گۈزەل لاتاپىتىدىن ھۇزۇرلانغاچ يوپۇرماقلىرىنى قوشنىلىرىنىڭ ئالدىغا سوزۇپ، گۈزەللىكىنى كۆز-كۆز قىلاتتى. يېنىدىكى قۇرۇق دەرەخ غولى ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلمايتتى.

— ئاڭلاپ تۇر، ئۆلۈمتۈك قېرى، — دېدى ئۇنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىن ئوغىسى قاينىغان يۆگىمەچ، — نېمە پۈتلىشىسەن؟ خۇپسەنلىك قىلماي تېز يوقال، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!

دەرەخ غولى بۇ گۈدەكنىڭ پولىرىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، ئۇندىمەي ئۆز خىيالى بىلەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن قۇسۇرچى يۆگىمەچ قارىئۆرۈكتىن قۇسۇر ئىزدىۋىدى، قارىئۆرۈكنىڭ قويۇق شاخلىرى ئۇنى خۇددى قېلىن تامدەك مۇھاسىرىگە ئالدى.

— ھەي، قارىئۆرۈك! قېرىندىشىم، تېنىڭدىكى ئاۋۇ تىكەنلەر بەك شۈركۈنۈشلۈك، ناھايىتى سەت ئىكەن. يوپۇرماقلىرىڭنىڭ ماڭا چۈشىدىغان كۈن نۇرىنى توسۇۋېلىۋاتقىنىنى بىلدىڭمۇ؟ ئۇلارنى نېرى قىلساڭ بوپتىكەن.

قارىئۆرۈك ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى.

— نېمانداق ھاماقەت بىر نېمىسەن، — دېدى يۆگىمەچنى مەسخىرە قىلىپ ئاپتاپ سىنىپ ياتقان بىر قېرى كەسلەنچۈك بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تاقەت قىلالماي، — سەن بىر شاللاق يۆگىمەچقۇ. بەختىڭگە





يارىشا بۇ قۇرۇق دەرەخ غولى بولغاچقىلا سەن ئۇنىڭغا يامىشىپ ئۆسۈۋاتىسەن. ناۋادا قارىئۆرۈكنىڭ تىكىنى بولمىسا، ئاللىبۇرۇن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلەنگەن بولاتتىڭ. ئەجەبا شۇنىمۇ ئويلىمىدىڭمۇ؟

يۆگىمەچ ئىزاغا چىدىماي رەددىيە بېرەي دېگۈچە كەسلەنچۈكنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى

—ھەرگىزمۇ كۆزۈڭگە كىرىۋالماقچى ئەمەسمەن! پەقەت ساڭا شۇنى بىلدۈرۈپ قويماقچى: ئۆزۈڭنى كۆز-كۆز قىلغاندىن كۆرە، قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتكىنىڭ ياخشى.







ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىسى

# شاپتۇل

باغدا، ئورمان ياڭىقى يېنىدا بىر تۈپ شاپتۇل ئۆسكەنىدى.

—نېمىشقا ئۇنىڭ مېۋىلىرى شۇنچە كۆپ، مېنىڭ بۇنچە ئاز؟ —ئورمان ياڭىقىنىڭ بولۇق مېۋىلىرىگە قاراپ ھەسەت قىلغان ھالدا توختىماي كوتۇلدىدى شاپتۇل، —بۇ ئادىللىقمۇ؟ مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش جىق مېۋىلىسەم بولمامدۇ! ئۇنىڭدىن نەرىم كەم؟

—باشقىلارغا ھەسەت قىلما! —دېدى يېنىدىكى قېرى ئەينۇلا شاپتۇلغا، —ئەجەبا ئۇنىڭ مۇستەھكەم غولى، ئەۋرىشىم شاخلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاغرىنىش ۋە ھەسەت قىلىشنىڭ پايدىسى يوق، يەنىلا بەجانىدىللىق بىلەن شېرىن-شەربەتلىك مېۋىلەۋەرگىن.

ئەينۇلىنىڭ سەممىي نەسىھىتى قەلبى ھەسەتتىن ئۆرتىنىپ كەتكەن شاپتۇلنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. شاپتۇل تۇپراقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، شاخلىرىغا كۆپلەپ قۇۋۋەت بېرىپ، كۈچىنى ئايىماي كۆپ چېچەكلەپ، كۆپ مېۋىلەشنى بۇيرىدى.

شاپتۇلنىڭ ھەممە شاخلىرى تولۇق مېۋىلىدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز مېۋىلىرىنى باقتى. بىراق، ئۇنىڭ شاخلىرى مۇنداق كۆپ مېۋىنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى.

شاپتۇل ئاخىر بىر كۈنى ھارغىنىدىن ئىڭراپ كەتتى، مېۋىلەرنى كۆتۈرەلمىگەن غولى «قاراس!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇنۇپ، مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلىرى ئورمان ياڭىقىنىڭ ئاستىدا سېسىپ كەتتى.





# ئۆمۈچۈك بىلەن قارلىغاچ

بىر ئۆمۈچۈك دەرەخ ئاچىسى ئارىلىقىغا ئۈچ قېتىم تور توقۇسا، ئۈچىلى قېتىم قارلىغاچ كېلىپ قانىتى بىلەن بۇزۇۋەتتى.

— نېمىشقا ئىشىمنى بۇزىسەن؟ — غەزەپ بىلەن سورىدى ئۆمۈچۈك قارلىغاچتىن، — مەن سېنىڭ ئىشىڭغا دەخلى قىلغانمۇ؟

— سەن بولساڭ بىر ھىلە-مىكىرىسى كۆپ مۇغەمبەر! — ۋىچىرلىدى قارلىغاچ، — ئۇ يوشۇرۇن تورۇڭ ھاشاراتلارغا قۇرۇلغان ئەجەللىك تۇزاق.

— ماڭا قارا بۇرادەر، بۇ گەپنى سەن دەۋاتامسەن؟ — دېدى ئۆمۈچۈك ھەيران بولۇپ، — سەن مەندىن قانچىلىك ياخشى؟ كۈن بويى ئاغزىڭنى يوغان ئېچىۋېلىپ ئۇياندىن-بۇيانغا ئۇچۇپ يۈرۈپ ھاشاراتلارنى قارىقويۇق تۇتىسەنۇ، ئەمدى كېلىپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىۋاتامسەن؟ سەن ئۇچۇن ھاشاراتلارنى تۇتۇش گويا بىر خىل ئىچ پۇشقۇنى چىقىرىش. ئەمما، مەن ئەجىر قىلىپ تور توقۇيمەن، ئاندىن ئاندا-ساندا تورغا چۈشكەن ھاشا-راتلارنى تۇتىمەن، ئۇلار تىرىشىپ قىلغان ئەمگىكىمنىڭ مېۋىسى.



www.uyghurkitap.com

# ئورمان ياڭىقى بىلەن قارىياغاچ

ئورمان ياڭىقى مېۋىگە تولغان شاخلىرىنى مەغرۇر ئىرغاڭلىتاتتى. ئۇ يېنىدا بوك-باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخكە قاراپ ھەيران قالدى. ئۇ دەرەخنىڭ شاخلىرىدا يوپۇرماقتىن باشقا بىرمۇ مېۋە يوق ئىدى.

—نېمەڭگە ئىشىنىپ ماڭا ئاپتاپ توسۇپ مېۋىلىشىمگە كاشىلا بولىسەن؟ —ۋارقىراپ سوراق ئەتتى ئورمان ياڭىقى، —ئېيتە! كىم سەن؟

—مەن قارىياغاچ، —ناھايىتى ئەدەپ بىلەن قورۇنۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى قارىياغاچ.

—ھە، قارىياغاچ دېگىن! —دېدى ئورمان ياڭىقى تەنتەكلىك بىلەن بەك خاپا بولۇپ، —ھەممە يېرىڭدە يوپۇرماقلا بارىكەن، مېۋەڭ قەيەردە؟ بىھۇدە ياشاپ، يەنە باشقىلارغا توسالغۇ بولۇپ ئۇيالمامسەن؟ ئاھ خۇدا! مېۋىلىرىمنى پاتراق پىشۇرۇپ، تۇپراققا چۈشۈرۈپ ئۈندۈرۈپ، بۇ تەييار-تاپىنى قىستاپ، بىراقلا يوقىتىشىمىزغا ئاسانلىق بەرگەيسەن.

دېگەندەك ئورمان ياڭىقىنىڭ مېۋىلىرى تاللىغاندەك تەكشى، بەلەن يوغىنىدى. ئەمما، بىر كۈنى بۇ يەردىن بىر ئەسكەرلەر ئەترىتى ئۆتتى. ئۇلار ئورمان ياڭىقىنىڭ مېۋىلىرىنى بىرنى قويماي ئاچ كۆزلۈك بىلەن پۇتاپ تۆگىتىپ، بىرمۇنچە شاخلىرىنى سۇندۇرۇۋەتتى.

—بىچارە ئورمان ياڭىقى! — دېدى ئاق كۆكۈل قارىياغاچ بولاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغان قوشنىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ، —مېنى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق قارغىغانتىڭ، كۈتۈلمىگەندە بېشىڭغا ئاپەت كەلدى. مېۋىلىرىڭدىن ئايرىلىپ قالدىڭ، ساڭا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىمەن قوشنام.




# بالىلارنىڭ ۋاپاسى

قېرىپ ماغدۇرىدىن قالغان، ھاۋا شۇنچە ئوچۇق تۇرسىمۇ، كۆزىنى تۇمان تۇسۇۋالغاندەك ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەي، قانات-قۇيرۇقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغان بىر جۈپ ھۆپۈپ ئۇچالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، ئۇۋىسىدىن ئايرىلماي ئۆلۈمنى كۈتۈشنى قارار قىلىشىپتۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن تاسادىپىي ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر بالىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، دەرھال ئاكا-ئىنى، ئاچا-سىڭىللىرىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ.

ياش ھۆپۈپلەر ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپتۇ.

—ئاتا-ئانىمىز، —دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى سۆز باشلاپ، —بىزگە تەگداشسىز خەير ئېھسان—ھاياتلىق ئاتا قىلىپ، بىزنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقۇچە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ھازىر ئۇلار ئاغرىپ، كۆزى كۆرمەس بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنى داۋالاش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز.

ئۇنىڭ گېپىدىن كېيىن ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كەپتۇ: بەزىلىرى ئاتا-ئانىسىغا يېڭى ئۇۋا سېلىشقا، بەزىلىرى قۇرت تۇتۇپ كېلىشكە، بەزىلىرى ئورمانلىقتىن دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئەكېلىشكە ئاتلىنىپتۇ.

يېڭى ئۇۋا تېزلا پۈتۈپتۇ. ئۇلار ئاتا-ئانىسىنى يېڭى ئۇۋىغا ئەكىرىپ، ئۆزلىرىنى ئىلگىرى ئاتا-ئانىسى بەدىنى بىلەن ئىسسىتقاندەك قوينىغا

ئېلىپ ئىللىتىپ، سۇ، قۇرت ئەكېلىپ بېرىپ، بەلىرىنى ئاراپ، كۆزلىرىگە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى سىقىپ تېمىتىپ، [illegible] ساقايغۇچە خېلى بىر مەزگىل نۆۋەتلىشىپ، يېنىدىن [illegible] ئايرىلماي بېقىپتۇ.

بەختلىك كۈن ئاخىر يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى كۆزىنى ئېچىپ باللىرىنى تونۇپتۇ. دېمەك، ئۇلار ئاتا-ئانىسىغا داۋا، يورۇقلۇق ۋە كۈچ ئاتا قىلىپ، ۋاپادارلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ.



# ئۈزۈم شۇڭى بىلەن دېھقان

باھار كەلدى. بارلىق تىرىشچانلىقلار بىلەن نازۇك يىلتىزلىرىغا كەتمەن تەگكۈزۈۋەتمەي ئەتراپىدىكى يەرلەرنى تۇجۇپىلەپ يۇمشىتىپ، ئاندىن ئۇنى بىدىشكە ئارتىپ، تاراپ دېگەندەك كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىپ، ئەركىن ئاينىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان دېھقاندىن بەكمۇ خۇرسەن بولغان ئۈزۈم شۇڭى تىرىشىپ ئۆسۈپ، ساپاق-ساپاق مېۋىلەپ، دېھقاننىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرماقچى بولدى.

ھوسۇل يىغىدىغان كۈز پەسلى كەلدى. ئىشچان دېھقان بىغىشى كۆتۈرەلمەي قالغان ساپاق-ساپاق ئۈزۈملەرنى چالا قويماي ياپا ئۈزۈپ، سېۋەت-سېۋەتلەرگە قاچىلاپ، ئاندىن بىدىشنىڭ بادرا-تۈۋرۈكلىرىنى ھەم چۇۋۇپ، ھەممىنى قويماي ئۆيىگە ئەكىرىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، بىچارە ئۈزۈم شۇڭى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، بۇ ناھەقچىلىكتىن كۆڭلى قاتتىق ئازار يەپ، قاقاس يەردە توڭلاپ بىر قىشنى ئۆتكۈزدى. دېھقاننىڭ كۈزدىكى مۇئامىلىسىدىن قاتتىق نارازى بولغان ئۈزۈم شۇڭى 2- يىلى ئالدىنقى يىلىدىكىدەك ئۇنداق سېخىي بولالمىدى. بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدىغان نادان دېھقان ئاچ كۆزلۈكىدىن ئېغىر زىيان تارتتى.







ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەركەك شىر

ئەمدىلا تۇغۇلۇپ تېخى كۆزى ئېچىلمىغان شىر باللىرى ھېچقانداق ئاۋاز بىلەن كارى يوق ھالدا ئانىسىنىڭ چاتىرىقىدا ئۆمىلەپ، قورسىقىغا ئۇسۇپ يۇرۇپ ئەمچەك ئىزدەيتتى.

سۇرلۇك ئەركەك شىر ئانا شىرنىڭ باللىرىنى خاتىرجەم ئېمىتىشىگە دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن، بىر چەتتە كۆزىنى ئۇزمەي ئائىلە ئەزالىرىغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى.

ئەركەك شىر تۇساتتىن يالىنى سىلكىپ، يەر-جاھاننى لەرزىگە كەلتۇرگۇدەك قاتتىق ھۆركىرىدى.

شىر باللىرى دەرھال كۆزىنى ئاچتى، يايلاقتىكى باشقا ھايۋانلار چۆچۈگىنىدىن تەرەپ-تەرەپكە قېچىشتى.

ئەركەك شىر قاتتىق ھۆركىرەپ باللىرىنى ئويغاتتى. ئاقىل ئاتا-ئانىلارنىڭ توغرا بولغان ماختاپ ئۇچۇرۇشلىرى ۋە تەنقىدى باللىرىدا ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت يېتىلدۇرۇشكە پايدىلىق. چوڭلار باللىرىغا ئۆگىنىش ۋە يۇرۇش-تۇرۇش جەھەتتىن ئەركەك شىرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تەربىيە بېرىپ، ئۇلاردىكى بەتخۇيلۇق ۋە ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتىدۇ.






# ئىخلاس

ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بىر جۈپ ياش تۆگىقۇش قاتتىق قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە قاپتۇ. چۈنكى، ئۇلار ئېغىر بولغاچقا، ھەر قېتىم چۈجە چىقىرىش ئۈچۈن تۇخۇم باسقاندا، تۇخۇمنى مىجىۋېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇملۇقنىڭ يەنە بىر چېتىگە بېرىپ، تەجرىبىلىك قېرى تۆگىقۇشنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئېلىپ باقماقچى بوپتۇ ۋە نەچچە كېچە-كۈندۈز توختىماي مېڭىپ، ئاخىر قېرى تۆگىقۇشنى تېپىپتۇ.

—بىزگە ياردەم قىلىپ، —ئۇلار چىن كۆڭلىدىن ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ قېرى تۆگىقۇشتىن، —چۈجە چىقىرىشنى ئۆگىتىپ قويغان بولسىڭىز! تەلىيىمىز بەكمۇ كاج ئىكەن، ھەرقانچە تىرىشىپمۇ ئەۋلاد قالدۇرالمىدۇق.

—بۇ ناھايىتى مۇشكۈل ئىش، —دەپتۇ قېرى تۆگىقۇش ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، —ئارزۇ ۋە تىرىشچانلىقتىن باشقا يەنە بىر نەرسە بولۇشى كېرەك.

—قانداق نەرسە؟ —تەڭلا سوراپتۇ بىر جۈپ ياش تۆگىقۇش سەل ھەيران بولۇپ، —ھەرقانداق نەرسە بولسا ...

—ماقۇل، مەن دەپ بېرەي، ئېسىڭلاردا مەھكەم ساقلاڭلار! ئەڭ مۇھىمى سىلەرنىڭ ئىخلاسىڭلار، قەلبىڭلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان قىزغىنلىق. سىلەر ئۆز تۇخۇمىڭلارنى قەدىرلەڭلار، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈڭلار. پەقەت ھەقىقىي ئىخلاسىڭلارلا ئۇلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلالايدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ بىر جۈپ ياش تۆگىقۇش تولۇپ تاشقان ئۇۋىسىدىن ئىلەن قايتىپ كېلىپ. قايتا تۇخۇملاپتۇ، تۇخۇمىغا بارلىق سۆيگۈسى ۋە مېھرىنى بېرىپ، بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەي ئىخلاس بىلەن قاراپتۇ. كۈنلەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈپتۇ. ھەممىشە تۈن بويى كۆز يۇمماي بىر جۈپ ياش تۆگىقۇش ھارغىنلىقتىن ئۆرە تۇرالماي قاپتۇ، ئەمما ئۇلار ئىخلاسى، چىدام-تاقىتى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ مېۋىسىگە ئېرىشىپتۇ: ئاخىر بىر كۈنى تۇخۇم ئىچىدە بىر نېمە مىدىرلىغاندەك قىپتۇ، ئاندىن يېرىلىپ، تۆگىقۇش چۈجىسىنىڭ يۇمران تۈكلۈك بېشى كۆرۈنۈپتۇ.







# شۇمۇرت بىلەن سېرىققۇشقاچ

شۇمۇرتنىڭ مېۋىسى پىشىپلا خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇنىڭغا كۈن بويى بىر توپ سېرىققۇشقاچ ئولىشىۋېلىپ، يوپۇرماقلىرىنى قىلچە ئىچ ئاغرىتماي چوقۇپ، پەقەت ئارام بەرمەپتۇ.

—ئۆتۈنۈپ قالاي، —تاقەت قىلالمىغان شۇمۇرت ئاخىر ئۇلاردىن ئەڭ قەبىھ بىرىگە يېلىنىپتۇ، —مېۋەمگە ئامراقلىقىڭلارنى بىلىمەن، سىلەردىن ئايىمايمەن، خالىغانچە يەڭلار. بىراق، شاخ-يوپۇرماقلىرىم قاتتىق ئىسسىقتىن دالدىلىنىشىم ئۈچۈن ماڭا لازىم، ئۇلارغا ئارام بېرىڭلار، ئۇلارنى چوقۇپ ماڭا زۇلۇم سالماڭلار!

ئۇ ناھايىتى ئورۇشقاق بىر سېرىققۇشقاچ ئىكەن. شۇمۇرتنىڭ گېپى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىپتۇ.

—سەندىن گەپ سورىمىدىم، ئازراق ۋالاقشىغىن! سەن كالۋاغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ شۇنداق جاھان، سەن مېۋىلەپ بىزنى باقىسەن. شاخ-يوپۇرماقلىرىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتىسەن، ئەجەبا ئۇلارنىڭ قىش كەلسە تۆكۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

بۇنى ئاڭلاپ شۇمۇرتنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئازابلىنىپ، ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپتۇ.

لېكىن، ئۇ ئاغزىدىن بالا تەگكۈر بىئەدەپ سېرىققۇشقاچ بىر كۈنى دېھقان قۇرۇپ قويغان باسماققا چۈشۈپ قاپتۇ، دېھقان ئۇنى ئازغان ياغىچى بىلەن ئەۋرىشىم شۇمۇرت تېلىدا توقۇلغان قەپەسكە سولاپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شۇمۇرت كۈشەندىسى بىلەن يەنە يۈز كۆرۈشۈپتۇ. ئۇ

قەپەستىكى ئۇندىمەستىن روھى چۈشۈپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان سېرىققۇشقاچقا قاراپ بىر دەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاڭلىغان ‹‹چاپان سوغۇققا دال، سەۋر خورلۇققا(دال)›› دېگەن ماقالنى يادىغا ئاپتۇ.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى بېسىۋالالىسىڭىز، ھەرقانچە چىدىغۇسىز ھاقارەتمۇ سىزنى پاراكەندە قىلالمايدۇ.



www.uyghurkitap.com





# ئۆمۈچۈك بىلەن ئۈزۈم شۈڭى

ئۆمۈچۈك ئۈدا بىرقانچە كۈن يېپىگە چۈشۈپ يۈرۈپ، قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ ھەمىشە ئۈزۈم شۈڭىغا قونۇۋالىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ.

— ئەمدى قاچالمايسەن! — مەمنۇن بولغان ھالدا ھىجايغىنىچە ئۈزۈم شۈڭىغا يامىشىپ چىققان ئۆمۈچۈك مەززىلىك پۈرىقى دىماغنى يارىدىغان يوغان بىر ساپاق ئۈزۈمگە تور توقۇپ قويۇپ، سالقىن ئۈزۈم ئارىسىدا ماراپ يېتىپتۇ.

ھاشاراتلار خەۋپنىڭ ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغىنىنى سەزمەي، ئۈزۈمنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى ئېلىپ، خاتىرجەم كېلىۋېرىپتۇ. قۇۋ ئۆمۈچۈك مۆكۈپ تۇرۇپ نۇرغۇن ھاشاراتلارنى تۇتۇپتۇ، ئەمما ئۆزىگىمۇ خەۋپنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى سەزمەپتۇ.

ھوسۇل يىغىدىغان كۈز پەسلى كەپتۇ. باغۋەن تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ساپاق-ساپاق ئۈزۈملەر قاتارىدا ئارىسىغا ئۆمۈچۈك مۆكۈۋالغان بىر ساپاق ئۈزۈمنىمۇ ئۈزۈپ سېۋەتكە قاچىلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر ساپاق ئۈزۈم ئاچ كۆز ئۆمۈچۈك ئۈچۈن قاپقان بولۇپ قاپتۇ. مەككار ئۆمۈچۈك ھىيلىگەرلىك قىلىپ باشقىلارغا ئورا كولاپ، ئۆزىمۇ ئۈزۈم ئارىسىدا مىجىلىپ جېنىدىن ئايرىلىپتۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ئاق ئاغمىخان

بىر كۈنى تۆلكىگە بىر پارچە يېمەكلىك ئۇچراپ تۇرسا، بىر ئاق ئاغمىخان كېلىپ قاپتۇ.

— ھەي بۇرادەر، تېتىپ باقامسەن؟ — سوراپتۇ توق قورساق تۆلكە دوستانە قىياپەتتە، — تارتىنمىغىن!

— رەھمەت، — جاۋاب بېرىپتۇ ئاق ئاغمىخان ناھايىتى سالماقلىق بىلەن، — قورسىقىم توق.

— ھا، ھا، ھا، — قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ تۆلكە، — دۇنيادا سەندەك قانائەتچان، ئەدەپلىك، كىچىك پېئىل، ئېسىل ھايۋاندىن يەنە بىرنى تاپقىلى بولمايدۇ. راستتىنلا نۇقسانسىزسەن! كۈندە بىر ۋاخلا يەپ، ئاچ قالساڭمۇ، ئۆزۈڭگە كىر تېگىپ قېلىشتىن پەخەس بولىسەن.

بۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئۇۋچىلار كېلىپ قاپتۇ. تۆلكە شۇ ئان ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. ئاق ئاغمىخانمۇ ئۇچقاندەك كامىرىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

ئەمما، ئاق ئاغمىخان ئەتىگەن پاك-پاكىز تازىلاپ قويغان كامىرىغا ئاپتاپتا ئېرىگەن قار لاي سۇ بولۇپ كىرىپ كەتكەن بولغاچقا، مەينەت بولۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، كامىرىنىڭ ئاغزىدا ئارىسالدى بولۇپ بىر پەس تۇرۇپ قاپتۇ. دەل شۇ دەقىقىدە ئۇۋچىلار يېتىپ كېلىپ ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ.




# قىسقۇچپاقا

بىر بۇلۇڭغا مۆكۈۋالغان بىر ئاچ كۆز قىسقۇچپاقا دەريا قىنىدىكى يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىر توپ بېلىقنى كۆرۈپ، شەپە چىقارماي بېلىقلار توپىنى جەلپ قىلىۋالغان تاش تۈۋىگە ئۈزۈپ بېرىپتۇ-دە، بىر ئورەك كولاپ، تۈن نىسبى بولغۇچە پۈتۈن زېھنى بىلەن بېلىقلار توپىنى كۆزىتىپ، ئورەكتە مۆكۈپ يېتىپتۇ.

بېلىقلار دەريانىڭ تېگى كۆرۈنگۈدەك سۈزۈك سۇدا ئەركىن-ئازادە ئۈزۈپ يۈرۈپ، قورام تاش ئەتراپىدا ھەم دەريا سۈيىنىڭ سالقىنىدىن ھۇزۇرلىنالايدىكەن، ھەم ئىللىق كۈن نۇرىغا قاقلىنالايدىكەن.

بېلىقلار توپىدىن كۆزىنى ئۈزمەي مۆكۈپ ياتقان قىسقۇچپاقا يېقىن كەلگەن بىر بېلىقنى ئامبۇردەك پەنجىسى بىلەن تۇتىۋېلىپ، يېيىشكە باشلاپتۇ.

— قوشنام، قىلىقىڭ قاملاشمىدى! دالدامدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، بىگۇناھ بېلىققا قاراقچىدەك ھۇجۇم قىلغىنىڭ مېنى گۇناھقا شېرىك قىلغىنىڭ. بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن جاجاڭنى بەرمەيدىغان بولسام قاراپ تۇر! — دەپتۇ قورام تاش ئاچچىقلاپ. قىسقۇچپاقا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي قاراقچىلىقىنى قىلىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر يېغىپ، دەريادىكى سۇ يۈزى تېز ئۆرلەپتۇ، ئاندىن دەھشەتلىك بوران چىقىپ، سۇ دولقۇنى شىددەت بىلەن قورام تاشقا ئۇرۇلۇپتۇ. قورام تاش بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، قىسقۇچپاقىنى يانجىۋېتىپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئۆيستېر قۇلۇلىسى بىلەن چاشقان

بىر ئۆيستېر قۇلۇلىسى نۇرغۇنلىغان بېلىق، راكلار بىلەن تورغا چۈشۈپ قېلىپ، بېلىقچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇ.

— بۇ يەرگە كېلىپ ئۆلىدىغان بولدۇق، — ئۆيستېر قۇلۇلىسى سۇ بولمىغاچ ئاران تىنىپ، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئازاب ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان بەختسىز بۇرادەرلىرىگە قاراپ ھەسرەتلىك خىيال سۈرۈپ تۇرسا، تۇيۇقسىز بىر چاشقان پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

— ئوبدان چاشقان، مېھىر-شەپقەت قىلىپ مېنى دېڭىزغا ئاپىرىپ قويغىن! — دەپتۇ ئۇ چاشقانغا يالۋۇرۇپ. چاشقان ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ: «ئۇ يېقىشلىق، غەلىتە ھەم ناھايىتى چىرايلىقكەن، قارىغاندا ئۇنىڭ گۆشى چوقۇم يېيىشلىك» دېگەنلەرنى خىيالىدىن كۆچۈرۈپتۇ.

— بولىدۇ، — چاشقان دەرھال ماقۇل بوپتۇ تۇمشۇقىغا كەلگەن نازۇنېمەتنى ئېتىپ باقماقچى بولۇپ، — سېنى قۇتقۇزۇپ قالاي، ئەمما قاتتىق قېپىڭنى ئاچمىساڭ، سېنى دېڭىزغا ئاپىرىپ قويالمايمەن.

ئۆيستېر قۇلۇلىسى چاشقاننىڭ سۆزى ئورۇنلۇق دەپ، خۇشلۇقتا قېپىنى ئېچىپتۇ. چاشقان ئالدىراپ كېتىپ، ئۇنىڭ گۆشىنى چىشلەپتۇ. ئۆيستېر قۇلۇلىسى ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، قېپىنى كۈچەپ يېغىپ، چاشقاننىڭ بېشىنى تاختىمۇشۇكتەك قاتتىق قىسىۋاپتۇ. چاشقان ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ تاشلاپتۇ. يېقىنلا جايدىكى بىر مۈشۈك بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ، بىر سەكرەپلا يېتىپ كېلىپ، ئالدامچى چاشقاننى تۇتۇۋاپتۇ.





# شەپەرەڭ بىلەن قارلىغاچ

يورۇقتىن قاچقان بىر شەپەرەڭ ئۇچۇپ كېلىپ، كەچ كىرگىچە ئۇزۇن قانىتى بىلەن بېشىنى يۆگەپ، لەمپە ئاستىدا تامغا ئېسىلىپ تۇردى. كۈنپېتىپ ئاسمان ئاستا-ئاستا قارىيىشقا باشلىدى.

—ھۇ ئۆلگۈر كۈن نۇرى، ئاخىر يوقالدىڭ! —دېدى ئۇ بېشىنى ئاستا ئېچىپ ئېھتىيات بىلەن ئەتراپقا قارىۋەتكەندىن كېيىن، —بىچارە پۇتلىرىم ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، مانا ئەمدى بىپايان كەچ ئاسمىنىدا بەھۇزۇر پەرۋاز قىلغاچ ئۇلارنى بوشىتىۋالاي.

دەل شۇ چاغدا، كەچ قالغان بىر قارلىغاچ قايتىپ كەلدى. ئۇ كۈن بويى جاپالىق ئىشلەپ، بەكمۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. شەپەرەڭ كۆزىگە ھېرى بولماي لەمپە ئاستىدىن ئوغرىمۇشۇكتەك ئۇچۇپ چىقىپ، قارلىغاچقا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

—يىرگىنچلىك ئەبلەخ! —دېدى قارلىغاچ ئاچچىقلاپ، —سەن گويا يالغانچىلىق چىنلىقتىن قورققاندەك، يورۇقتىن قېچىپ يۈرۈپ، ئوچۇق-ئاشكارا ياشىيالمايدىغان قورقۇنچلۇق ئەرۋاھنىڭ ئۆزى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى





# تور

بۇ قېتىم تورغا يەنە نۇرغۇن بېلىق چۈشتى. سېۋەتلەر ھەر خىل بېلىقلارغا لىق تولدى. ئۇلارنىڭ جىمىسى چوڭ-كىچىك، ئەركەك-چىشى دېمەي بازاردىكى پوكەيلەرگە ئەكېلىندى. ئۇلار سۇدا پورۇقلاپ قايناپ، مايدا پاژىلداپ قورۇلۇپ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىشقا تەييار ئىدى. ئەمما، دەريادا قېپقالغان بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرۈشكە پېتىنالماي، دەككە-دۈككىدە قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، دەريانىڭ تېگىگە چوڭقۇر چۆكۈۋالغانىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ياشايدۇ؟ ياشامدۇ ياكى ئۆلەمدۇ؟ مانا بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. تور ھەر كۈنى ئويلىمىغان جايلاردا پەيدا بولۇپ، رەھىمسىزلىك بىلەن تۇتۇۋەرسە، ھامان بىر كۈنى دەريادىكى بېلىقلارنىڭ تۇتۇلۇپ تۈگەش خەۋپى مەۋجۇت ئىدى.

—بىز بالىلىرىمىزنىڭ تەقدىرىنى ئويلاشمىساق بولمايدۇ، ئۇلار بۇ دۇنيادا ياشاشقا ھەقلىق، —ئىتتىبېلىقلار دەريانىڭ تېگىدىكى بىر ياغاچنىڭ ئاستىغا يىغىلىشىپ كېڭەشتى، —بىزدىن باشقا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى بالايىئاپەتتىن ساقلايدىغان ھېچكىم يوق.

—لېكىن بىزدە نېمە ئامال بار؟ —سورىدى توخۇ يۈرەك گوبىئو بېلىقلىرىدىن بىرى سۆز قىستۇرۇپ.

—بىز تورنى يوقىتىشىمىز كېرەك، —دېيىشتى بېلىقلار بىردەك.

يىلانبېلىق جەسۇرلۇق بىلەن قىلىنغان بۇ كەسكىن قارارنى شۇ كۈنىلا تارقاتتى. چوڭ-كىچىك بېلىقلارنىڭ جىمىسى ئۇنىڭغا بىردەك ئاۋاز قوشۇپ، دەريا قولتۇقىدىكى بۇك-باراقسان ئاق سۆگەت ئۆسكەن





خىلۋەت چوڭقۇر جايغا ئەتە ئەتىگەندىلا يىغىلىدىغان بولدى.

تور بىلەن جان تىكىپ ئىلىشماقچى بولۇشقان مىليونلىغان ھەر خىل بىلىقلارنىڭ ھەممىسى جەم بولۇشتى. بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن، ئىلگىرى كۆپ قېتىم بېلىق تورىنى چىشلەپ بۇزۇپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان كاراپ بېلىقى بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

—كۆپچىلىك دىققەت قىلىڭلار! —كاراپ بېلىقى كۆپچىلىككە بۇيرۇق قىلدى، —تورنىڭ كەڭلىكى بۇ دەريانىڭ كەڭلىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. تورنىڭ تولۇق ئېچىلىپ دەريا تېگىگە چۈشۈشى ئۈچۈن، ئەتراپىغا ئىنچىكە يىپلار بىلەن كىچىك تىكلىگۈچ تېشى ئېسىلغان. مەندىن بۇيرۇق، بېلىقلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. بىر گۇرۇپپا تورنىڭ دەريا تېگىگە چۆكمەسلىكى ئۈچۈن تىكلىگۈچ تېشىنى كۆتۈرىدۇ. يەنە بىر گۇرۇپپا تور تۈگۈنىنى مەھكەم تارتىپ تۇرىدۇ. ئىتبېلىقلار تورنىڭ ئىككى قىرغاققا تارتىلغان تانىسىنى چىشلەپ ئۈزىدۇ. —بېلىقلار ئۇن چىقارماي ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالاتتى. ئۇ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، —بۇيرۇق! يىلانبېلىقلار ئاۋۋال بېرىپ، تورنىڭ نەگە سېلىنغىنىنى ئېنىق ئۇقۇپ كەلسۇن!

يىلانبېلىقلار ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا دەرھال ئاتلاندى. باشقا بېلىقلار قىرغاق تۈۋىگە يىغىلىپ ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى كۈتتى. بۇ چاغدا ھېلىقى گوبىئو بېلىقىمۇ مەردلىشىپ، قورقۇنچاق بۇرادەرلىرىنى روھلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، بېلىقچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالسىمۇ ھېچ گەپ يوقلۇقىنى، كىمىكى چۈشۈپ قالسا، تورنىڭ ئۇنى قىرغاققا تارتىپ چىقىشىغا كۆپچىلىكنىڭ قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

يىلانبېلىقلار قايتىپ كېلىپ، دەريانىڭ بۇ يەردىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى تۆۋەن ئېقىنىغا تور سېلىنغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

مىليونلىغان بېلىقتىن تەركىب تاپقان ھەيۋەتلىك قوشۇن باتۇر كاراپ بېلىقنىڭ باشلامچىلىقىدا يولغا چىقتى.

— دىققەت! — ئاگاھلاندۇردى كاراپ بېلىقى، — ئىككى يېنىڭلارغا پەخەس بولۇڭلار، ئېقىن سۇ تورغا ئۇرۇۋېتمىسۇن. كۆچەپ ئۈزۈپ، دەل ۋاقتىدا توختاڭلار.

تور غۇۋا كۆرۈندى، تۈرقى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى.

دەرغەزەپكە كەلگەن بېلىق توپى باتۇرلىق بىلەن بېلىق تورىغا ئېتىلدى. ناھايىتى تېزلا تور يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، قىرغاققا تارتىلغان تانىسىنى ئېتىبېلىق چىشلەپ ئۈزۈۋەتتى، تۈگۈنلىرى بۇزۇلۇپ، يوغان-يوغان تۆشۈكلەر شەكىللەندى. ئەمما، غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي قالغان بېلىق توپى بولدى قىلماي، بۇ ئەشەددىي دۈشمىنىنى تىتما-تالاڭ قىلىپ، دەريا سۈيىگە غەرق قىلىۋەتتى.

ۋەقەدىن كېيىن، تاكى بۈگۈنگە قەدەر بېلىقچىلار تورنىڭ سىرلىق ھالدا غايىب بولغىنىنى سۆز-چۆچەك قىلىشسا، بېلىقلار بالىلىرىغا شۇ قېتىملىق كەچۈرمىشنى پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كەلمەكتە.






# شىر بىلەن قوزا

بىر كۈنى، ئېچىرقاپ كەتكەن شىرنىڭ قەپىسىگە ئويناقشىپ قالايمىقان سەكرەپ يۈرگەن بىر قوزا كىرىپ قاپتۇ. قوزا بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا بولغاچقا، ھايۋاناتلار پادىشاھىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپمۇ قىلچە قورقماپتۇ. ئۇ شىرنى ئانام دەپ قالغان چېغى، سۈرلۈك شىرنىڭ ئالدىغا ئەركىلەپ كېلىپ، چەكسىز مېھىر-مۇھەببەت، مۇلايىملىق، ھۆرمەت چىقىپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، شىرغا تىكىلىپ تۇرۇپ ناھايىتى ئامراقلىق بىلەن مەرەپتۇ.

بۇ خىل ئىشەنچ ئالدىدا نامەردلىك قىلىشتىن ئۇيالغان شىر قىلچىمۇ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلىماي، بەلكى نارازىلىق بىلەن قاتتىق بىرنى ھۆركىرىۋېتىپ، ئاچ قورساق پېتى ئۇخلاپ قاپتۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇز ئۈستىدىكى ئېشەك

قاتتىق سوغۇق دەستىدىن يولنىڭ ھەممە يېرىنى قېلىن بىر قەۋەت مۇز قاپلاپ كەتكەن قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر ئېشەك دالىدا ئېزىپ قاپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ.

—ماڭغۇدەك ھالىم قالمىدى، بىردەم ئارام ئېلىۋالاي.— قاتتىق ھېرىپ ئۆيگە قايتقۇدەك ماغدۇرى قالمىغان ئېشەك كەلگەن يېرىدىلا مۇز ئۈستىدە يېتىپ ئارام ئېلىشقا باشلاپتۇ.



توساتتىن بىر چېچەن قۇشقاچ ئۇچۇپ كەپتۇ.

—ئېشەك، ئويغۇنۇڭنى ئاچ، سەن ياتقان بۇ يەر يول ئەمەس، بەلكى مۇز تۇتقان كۆل،—دەپتۇ ئۇ ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ.

بىراق، ئۇخلاشنىلا ئويلىغان ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا قۇشقاچنىڭ گەپلىرى كىرمەپتۇ. ئۇ بىرنەچچىنى ئەسنەپ قويۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئېشەكنىڭ بۇرنىدىن چىققان ئىسسىق تىنىق ئۇ ياتقان مۇزنى ئېرىتىشكە باشلاپتۇ. ھايال ئۆتمەي «قاراس-قۇرۇس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مۇز ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ.

مۇزدەك سوغۇق سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ئېشەك دەرھال چۆچۈپ ئويغىنىپ، «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ. بىراق، ئۇ بىچارە تولىمۇ كېچىكتەن بولۇپ، كۆلدە تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ.




# لاچىن بىلەن سەۋە قۇشى

ئۇۋدىن قايتىپ كەلگەن لاچىن ئۇۋىسىدىكى بالىلىرىنىڭ يېنىدا تۇگۇلۇپ تۇرغان ئىككى سەۋە قۇشىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. يامغۇردا ئۇنىڭغا بىر ئۆلۈك قۇشتىن باشقا ھېچنېمە ئۇچرىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالسىمۇ قۇش تاپى يېمەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ھېچنېمە ئوۋلىيالماي قۇرۇق قايتقاچقىمۇ، ئۇنىڭ كەيپى بەك ئوسال ئىدى. چاقىرىلمىغان ئىككى مېھماننى كۆرۈپ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلگەن لاچىن ئۇلارنى پارە-پارە قىلىپ، ئاچچىقىنى چىقارماقچى بولدىيۇ، ئۇلارنى بوزەك قىلغۇسى كەلمەي، بۇ نىيىتىدىن تېزلا ياندى.

—ئۇۋامغا نېمىشقا كېلىشتىڭ؟ —ۋارقىراپ سورىدى لاچىن.

—يامغۇر ياغقاندا، ئورمانلىقتا ئېزىپ قالدۇق، —جاۋاب بەردى بىر سەۋە قۇشى غال-غال تىترەپ. ئاچلىقتىن ئازابلىنىپ سەپرايى ئۆرلەۋاتقان ۋەھشىي لاچىن ئۇلارنىڭ كۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلدى. قورققىنىدىن گەپ قىلىش ئەمەس، نەپەسمۇ ئالالمايۋاتقان ئىككى سەۋە قۇشى غال-غال تىترەپ، بىر-بىرىگە چىڭ چاپلاشتى.

—تېز يوقىلىش! —غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى لاچىن. ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن ئىككى سەۋە قۇشى شۇ ئان كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

—بىزنىڭ تەبىئىتىمىز—دېدى لاچىن ئاچلىققا چىدىيالماي قالغان بالىلىرىغا بۇرىلىپ، —چوڭ، تىمەن قۇشلارنى تۇتۇپ يېيىش، ئاچلىقتا ئۆلسەكمۇ، ئاجىز، ئۇششاق قۇشلارنى يەپ ئاچلىقىمىزنى باسساق بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# كەك قورساقلىق

— ئانا، ئۇلار نېمە قۇشلار؟ — سورىدى ئۇۋۇدىن بېشىنى چىقىرىپ تىك يارنىڭ ئاستىدىكى نۇرغۇن قۇشلارنى كۆرگەن بۇركۇت چۇجىسى.

— بىزنىڭ دوستلىرىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئانا بۇركۇت، — بىز يالغۇز ياشايدىغان قۇش، بۇ بىزنىڭ تەبىئىتىمىز. لېكىن، بەزىدە بىزمۇ باشقا قۇشلار بىلەن قوشنا بولۇشىمىز لازىم، بولمىسا قانداقمۇ قۇشلار پادىشاھى بولالايمىز؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ سادىق دوستلىرىمىز.

ئانىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز دوستى بىلگەن بۇركۇت چۇجىسى ئۇلارغا قىزىقىپ قاراۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا:

— ئاپلا، ئۇلار يېمەكلىكىمىزنى ئوغرىلاۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— غەلۋە قىلما! ئوغرىلىمىدى، مەن ئۇلارغا يەڭلا دېگەن، — ئانا بۇركۇت تېخىمۇ جېكىلەپ چۈشەندۈردى، — مەڭگۈ ئېسىڭدە بولسۇن، بىز ھەرقانچە ئاچ قالساقمۇ، تاپقان يېمەكلىكلەرنى قوشنىلىرىمىز بىلەن تەڭ يەيمىز. تاغ شۇنچە ئېگىز، ئۇلارنىڭ يېمەكلىك تاپمىقى بەك قىيىن بولغاندىكىن، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.






# تۆگە بىلەن ئۇنىڭ خوجايىنى

تۆگە چۆكۈپ، خوجايىنىنىڭ دۈمبىسىگە يۈك ئارتىشىنى كۈتتى. خوجايىنى يوغان بىر تاغارنى ئارتىپ بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن يەنە تاغار-تاغارلاپ يۈك ئارتقىلى تۇردى. تۆگە خىيالىدا «ئەمدى بولدى قىلسا بولاتتى» دەپ ھەسرەت چەكتى، لېكىن قارشىلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى. خوجايىنى يۈكنى ئارتىپ بولۇپ، قامچىسىنى ئېلىپ تۆگىنى ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇدى. تۆگە ئورنىدىن تەستە تۇردى. خوجايىنى «چو» دەپ ۋارقىراپ تۆگىگە بىر قامچا سالدى. لېكىن، تۆگە پۇتىنى يۆتكىيەلمىدى.

—نېمە بولدۇڭ؟ ماڭە! —خوجايىنى ۋارقىراپ يەنە قاتتىق بىر قامچا سالدى. تۆگە پۇتىنى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك، مىت قىلالمىدى.

—ھۇ، جاھىل! —خوجايىنى تۆگىنىڭ خىيالىنى بىلدى بولغاي، ئۇھ تارتقىنىچە ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن ئىككى تاغار يۈكنى چۈشۈرۈۋەتتى.

—ئەمدى ماڭالىغۇدەكمەن، —تۆگە پىچىرلىغىنىچە يولغا چۈشتى.

شۇنداق قىلىپ، تۆگە خوجايىنى بىلەن پىژغىرىم ئىسسىقتا ساق بىر كۈن ماڭدى. خوجايىنى قاراڭغۇ چۈشكىچە بىرەر كەنتكە بېرىۋالاي دەپ تۇرسا، تۆگىمۇ ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىۋالغاندەك تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

—ماڭ دەيمەن! مەنزىلگە ھېلىلا بارىمىز، —خوجايىنى ۋارقىرىدى.

تۆگە «بۈگۈن ھەسسىلەپ خىزمەت قىلدىم، ماڭغۇچىلىكىم قالمىدى. خوجايىنىم بۇنى بىلسە بولاتتى» دەپ ئويلاپ، تۇرغان يېرىدىلا يېتىۋالدى.

قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن خوجايىنى باشقا ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن يۈكنى چۈشۈرۈپ، قۇملۇقتا تۈنەشكە مەجبۇر بولدى.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قورقۇنچلۇق غەلىتە ھايۋان

ئۇرمانلىقتا قاچان، قانداق باشلانغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان، ئەڭ يوغان، ئەڭ ئەقىللىق ھايۋانلارمۇ بىلمەيدىغان بىر ئاپەت يۈز بېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ بوك-باراقسان قەدىمىي دەرەخ تۈۋىدە تۇرغان مەخلۇقنىڭ قايسى ھايۋانلىقىنى ھېچكىم ئۇقمايدىكەن. «ئۇرمانلىقتا غەلىتە بىر مەخلۇق پەيدا بولغانمىش، ئۇ ئۇرمانلىقتىكى ھايۋانلارنى بىردەمدىلا يەپ بولارمىش...» بۇ مىش-مىش پاراڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، بارغانسېرى قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ھەممە ھايۋانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، قاتتىق باش قاتۇرۇشقاندىن كېيىن:

— تۈلكە ئاغىنە، سەن ئارىمىزدا ئەڭ تەدبىرلىك، ئەڭ ئەقىللىق. جاپا تارتساڭمۇ كۆپچىلىك ئۈچۈن مېھىر-شەپقەت قىلىپ، بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى، ئۇ دەرەختە زادى قانداق بىر مەخلۇقنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ كەلگەن بولساڭ، — دەپتۇ كۆپچىلىك تۈلكىدىن ئۆتۈنۈپ.

تۈلكە ئۆزىنى خېلى قاچۇرۇپ بېقىپ، مىڭ تەستە ماقۇل بوپتۇيۇ، بۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغۇسى كەلمىگەچكە، ئارقىغا سۆرەپ ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆزى بارماي يېقىن دوستى سېغىزغاننى ئەۋەتىپتۇ.


سېغىزغان قەدىمىي دەرەخنى يىراقتىن بىر ئايلىنىپ چىقىپ، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن يالت-يۇلت چاقناپ تۇرغان ئىككى يورۇق نۇقتىنى كۆرگەنلىكىنى، قوش قانات قاققاندەك ئاۋاز ئاڭلانغانلىقىنى

ئېيتىپ، ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن هالدا قايتىپ كەپتۇ.

تۈلكە دەرهال بارلىق هايۋانلار يىغىنى چاقىرىپ:

— دوستلار، ئورمانلىقىمىزغا چوڭ بالا-قازا — ئەجدىها ئىسىملىك غەلىتە بىر مەخلۇق كەپتۇ. هازىرغا قەدەر تېخى هېچكىم ئۇنىڭ يىرگىنچلىك بەتبەشىرىسىنى كۆرۈپ، قورقۇنچلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىدى. لېكىن، مەن جېنىم بىلەن ئويناشمايمەن، بولسا سىلەرمۇ هەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار، — دەپلا يەنە بىر ئورمانلىقتا قاراپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. باشقا هايۋانلارمۇ غىڭ قىلماي ئەگىشىپ قېچىپتۇ.

«قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دەپ، قەدىمىي دەرەختە تۇرۇۋاتقىنى كۆزلىرى ناهايىتى يوغان بىر بۇركۈتسىمان مۈشۈكياپىلاق بولۇپ، ئۇمۇ ئورمانلىقتىكى هايۋانلارنىڭ بىراقلا قېچىپ كېتىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي هەيران قاپتۇ.







# زەھەرلىك ئۆمۈچۈك

بىر دېھقان باغدا توپا بوشىتىۋاتسا توپىدىن ناھايىتى چوڭ بىر زەھەرلىك ئۆمۈچۈك چىقىپتۇ.

— ئەجەب يىرگىنچلىك ئۆمۈچۈككىنا! — سەكرەپ كېتىپتۇ دېھقان.

— ماڭا چېقىلىدىغان بولساڭ جېنىڭنى ئالىمەن! — چىشىنى غۇچۇرلىتىپ دېھقانغا تەھدىت سېلىپتۇ ئۆمۈچۈك، — چاقسام شۇئان جان تالىشىپ ئۆلىسەن. زىيان تارتماي دېسەڭ ماڭا يېقىنلاشما!

دېھقان ئۆمۈچۈكنىڭ پوچىلىق قىلىپ دېگەن يوغان گېپىنى كۆپ ئاڭلىغان بولغاچ، ئۇنىڭ ھەيۋە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كەينىگە بىر قەدەم داجىپتۇ-دە، پۇتۇن كۈچىنى يالاڭ ئاياغ پۇتىغا يىغىپ، ئۆمۈچۈكنى قاتتىق دەسسەپتۇ.

— ھەيۋە قىلىسىنا، سەن قانچىلىك نېمە ئىدىڭ؟ — دەپتۇ دېھقان ئۆمۈچۈكنى دەسسەپ تۇرۇپ، — مېنى چېقىپ ئۆلتۈرە قېنى.

شۇ پەيتتە ئۆمۈچۈك ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئالىقىنىنى چېقىپتۇ. دېھقان ئۆمۈچۈكنىڭ گېپىگە پەقەت ئىشەنمىگەچكىمۇ ياكى پۇتىنىڭ تېرىسى بەك قېلىن بولغاچقىمۇ، پۇتىنىڭ سەل-پەل قىچىشقىنىدىن باشقا ھېچقانداق ئاغرىق سەزمەپتۇ.







# شىر بىلەن خوراز

تاڭ ئاتتى، ھايۋانلار پادىشاھى شىر ئويغىنىپ، تاتلىق بىرنى كېرىلگەندىن كېيىن، ئۇدۇل دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ھەر كۈنى دەريا بويىغا توپلاشقان كىچىك ھايۋانلارغا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئېتىلىپ كېتىۋېتىپ قاتتىق بىرنى ھۆركىرەپ قوياتتى. تۇيۇقسىز غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ قەدىمىنى توختاتتى، ھارۋا سۆرىگەن بىر ئات ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىرىدىغان ھايۋاننى كۆرۈشى تۇنجى قېتىم ئىدى، ئۇ قورققىنىدىن كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئوت-چۆپ ئارىسىغا كىرىۋالدى. ئوت-چۆپ ئارىسىدا يۈرىكىنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن، ئەتراپىغا دىققەت قىلغان ھالدا ئوت-چۆپ ئارىسىدىن چىقىپ، يەنە دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا، قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق ئاۋازدىن يەنە چۆچۈپ كەتتى. يېقىنلا يەردە بىر خوراز بويىنىنى سوزۇپ چىللاۋاتاتتى. ئۇ قورققىنىدىن كەلگەن يېرىدە مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپ، غال-غال تىترەشكە باشلىدى. خوراز ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك، تاجىسىنى پۇلاڭلىتىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يەنە بىرنى چىللىدى. ئېگىز ئۆسكەن ئوت-چۆپ ئارىسىدا خورازنىڭ ئوتتەك قىپقىزىل تاجىسىنى ئاران كۆرۈپ، «قىق، قىق، قىق» قىلغان ناتونۇش ئاۋازىدىن قورقۇپ جان-پېنى چىقىپ كەتكەن سۈرلۈك ھايۋانلار پادىشاھى ئۇسسۇزلۇقنى ئۇنتۇپ، ئورمانلىققا قاراپ تىكىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى





# بۈركۈت بىلەن ياۋا ئۆردەك

بۈركۈت ھەر قېتىم ياۋا ئۆردەكلەرنى ئوۋلىغاندا، ئاچچىقى كېلىپ ساراڭ بولۇپ كېتەتتى. سېمىز ۋە تىمەن بۇ بىر نېمىلەر دائىم ئۇنى ئەخمەق قىلىشاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى ئاچقان ھالدا شۇڭغۇپ چۈشۈپ ئۇلارنى تۇتاي دېگەندە، ئۇلار بىراقلا سۇغا چۆكۈۋېلىپ، سۇ ئاستىدا ئۇزاق تۇرۇۋېلىشاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن بۈركۈت تەلىيىنى يەنە سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇ بىرنەچچىنى ئايلىنىپ يەر يۈزىنى كۆزەتكەندىن كېيىن، قاناتلىرىنى يىغىپ، بىر ياۋا ئۆردەكنى نىشانلاپ، ئوقتەك پەسكە شۇڭغۇدى. بىراق، ئۇ شۇڭغۇپ چۈشۈپ ئۇ ياۋا ئۆردەكنى تۇتاي دېگەن پەيتتە، ياۋا ئۆردەك يەنە سۇغا چۆكۈۋالدى.

— بۇ قېتىم ساڭا رەھىم قىلمايمەن! — غەزەپتىن غالجىرلاشقان بۈركۈت ۋارقىراپلا ئۇنىڭ كەينىدىن سۇغا كىرىپ كەتتى.

ياۋا ئۆردەك بۈركۈتنىڭمۇ سۇغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، چاققانلىق بىلەن يۇقىرىغا شۇڭغۇپ سۇ يۈزىگە چىقىپلا قانىتىنى يەڭگىلگىنە بىرنەچچىنى قېقىپ، ئۇچۇپ كەتتى، بۈركۈت بولسا ھەرقانچە قىلىپمۇ سۇ يۈزىگە چىقالمىدى.

— خەير خوش، ئاغىنە! — خۇشال ھالدا ۋارقىرىدى ياۋا ئۆردەك سۇدا جان تالىشىۋاتقان بۈركۈتكە قاراپ، — مەن ئاسمىنىڭدا سۇدا ئۈزگەندەك ئەركىن ئۇچۇۋاتىمەن، سەن بولساڭ مېنىڭ سۇيۇمگە كىرىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغان بولدۇڭ! بۇنىڭدىن كېيىن چېچەنرەك بولارسەن!

# مەسخىرىچى بۆركۆت

ئۇۋدا غەلىبە قىلىپ قورسىقىنى راسا تويدۇرۇۋالغان بۆركۆت سەل ئارامىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئاسمانغا ئۆرلەپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بەك ئېگىز ئۇچۇۋاتقان بولسىمۇ، يەردە بولۇۋاتقان ھەممە ئىشنى، ھەتتا كۆلدە ئۈزۈۋاتقان بېلىق، ئوت-چۆپ ئارىسىدا چېپىپ يۈرگەن توشقاننىمۇ ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. دەرەخكە قونۇۋالغان بىر مۈشۈكياپىلاق ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. «غەلىتە نەرسىكىنا، ئۇمۇ قۇشمىدۇ؟» بۆركۆت قىزىقىپ بۇ ناتونۇش قۇشنىڭ ئالدىغا كەلدى.

—ھەي، ئىسمىڭ نېمە؟ —سورىدى بۆركۆت ۋارقىراپ.

—مۈشۈكياپىلاق. —ئۇ قۇش قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى.

—ھا-ھا-ھا! —بۆركۆت قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر شاخقا قوندى، —تۇرقۇڭ نېمانچە سەت، نېمانداق كۈلكىلىك؟ قارىغىنا بۇ كۆزلىرىڭ ۋە پەيلىرىڭنى، —بۆركۆت قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان مۈشۈكياپىلاقنى تېخىمۇ ھۈرۈرلىنىپ مازاق قىلغىلى تۇردى.

—يېقىنىراق كېلە، بەتبەشىرەڭنى تۈزۈك بىر كۆرۈپ، ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ باقاي. ئەگەر ئاۋازىڭمۇ ئۆزۈڭدەك يېقىشلىق بولسا، قۇلىقىمنى ئېتىۋالارمەن. —بۆركۆت بىچارە مۈشۈكياپىلاقنى توختىماي مەسخىرە قىلىۋېتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئالدىغا سىلجىدى.

كىم بىلسۇن، ئەسلىدە دەل مۈشۈ دەرەخ شېخىغا دېھقان قىلتاق قۇرۇپ، قېلىن يېلىم سۈركەپ قويغانىكەن. بۆركۆت تۇساتتىن قانات پەيلىرىنى دەرەخ شاخلىرىنىڭ يېپىشتۇرۇۋېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ

ھەرقانچە تىرىشىپمۇ پەيلىرىنى ئاجرىتالمىدى، بەلكى ئاجرىتىشۇالاي دېگەنچە، پەيلىرى شۇنچە چىڭ چاپلاشتى. ئاخىر ئىككىلى قانىتى ۋە تىرناقلىرى، ئۆتكۈر ئىككى پەنجى قىلتاقتا چىڭ ئىلىندى. شۇ چاغدا مۇشۇكياپىلاقنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

ــ بۈركۈت، ئاسماندا ساڭا ھېچقانداق كېلىشمەسلىك كەلمەيتى، بۇ يەرگە نېمە ھاجەت بىلەن چۈشكەنىدىڭ؟ سەن بىكاردىن-بىكار يولسىزلىق قىلدىڭ، ئەمدى ھېچكىم ساڭا رەھىم- شەپقەت قىلمايدۇ! بۇ باشقىلارنى مەسخىرە قىلغىنىڭغا بېرىلگەن خۇدانىڭ جازاسى.







# ئېيىقچاق بىلەن ھەسەل ھەرىسى

ئانا ئېيىق جىددىي بىر ئىش بىلەن چىقىپ كەتتى. ئېيىقچاق ئۆزىنىڭ ئۇۋىدىن چىقما دېگەن تاپىلىقىغا ئېرەن قىلماي، ئويناقشىپ ئورمانلىققا كەلدى. زېرىكىشلىك ئۆڭكۈردىن بۇ يەر كۆپ ياخشى ئىدى.

ئېيىقچاق ئورمانلىقتا كېپىنەك قوغلاپ يۈرۈپ، يوغان كامىرى بار بىر پور دەرەخ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دەرەخ كامىرىدىن قويۇق خۇش پۇراق كېلەتتى. نۇرغۇن ھەسەل ھەرىلىرى كامار ئاغزىدا ئالدىراش ئىدى: بەزىلىرى غوڭۇلداپ قاراۋۇللۇق قىلسا، بەزىلىرى كامارغا گۈلچېچەك ئېلىپ كىرىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي چىقىپ ئۇچۇپ كېتەتتى.

بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە شەيدا بولغان ئېيىقچاقنىڭ كامار ئىچىدە زادى نېمە ئىش بارلىقىنى بىلگۈسى كەلدى. ئۇ كامارغا بۇرنىنى تىقىپ پۇراپ باقتى، ئاندىن قولىنى تىقتى. كامار شۇنچە ئىسسىق، يېپىشقاق ئىدى. ئۇ قولىنى تارتتى. ئۇنىڭ قولىغا ھەسەل يېپىشىپ قالغانىدى.

ئېيىقچاق تېخى قولىدىكى ھەسەلنى يالاشقا ئۈلگۈرمەيلا، ھەسەل ھەرىلىرى ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ باش-كۆزىنى چېقىشقا باشلىدى. ئېيىقچاق ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراپ، قولىنى سىلكىپ ھەرىلەرنى قورۇيتتى، قورۇغانچە ھەرىلەر تېخىمۇ قاتتىق چاقاتتى. بىچارە ئېيىقچاق ئاخىرى يەردە دومىلاپمۇ باقتى، لېكىن بۇمۇ ھېچنېمىگە دال بولمىدى.

جىمى ئەزايى تۇپتەك ئىششىپ كەتكەن ئېيىقچاق ئۇۋىغا قېچىپ كېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئانىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئانىسى ئاۋۋال ئۇنى ئەيىبلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ يارىسىنى بۇلاق سۈيىدە يۇيۇپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





# سوقۇشۇش

قاراڭلار، بۇ كەپتەرلەرنىڭ يېقىنچىلىق قىلىپ ئۇنلەشلىرىگە! مۇمكىن بولسا ئۇلارنىڭ ئىناق-ئىجىل تۇرمۇشىنى كۆرۈپ باقساق نېمە دېگەن ئەھمىيەتلىك بولاتتى! ــ دېدى ئۆي ئىتى كۆزىنى ئۇزمەي كەپتەرخانىغا قاراپ، ــ قارىغاندا قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئىناق-ئىجىل ئۆتىدىكەن، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بىز ئىت-مۈشۈكلەردەك ئەمەسكەن.

ــ ياق، قۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنداق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ قەدىرلىكىم، ــ دېدى تام ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان جېدەلخور مۈشۈك رەت قىلىپ. ــ توخو كاتىكىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىغىنا.

توخۇ كاتىكىدىن چۇقان-سۈرەن ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي ھويلىغا باش-كۆزى قانغا بويالغان بىر قېرى خوراز سەنتۈرۈلۈپ چىقىپ كەلدى. ئارقىدىنلا كاتەكتىن يەنە بىر خورازنىڭ يەڭگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «قى-قى-قىق...» قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ بۇ ئىككى خوراز زادى چىقىشالمىدى، ــ بىلمەيدىغىنى يوق مۈشۈك توختىماي سۆزلەيتتى، ــ ئۇلار كىچىك چاغدا، كاتەك تېپتىنچ ئىدى، ئانىسى بولغاچقا بىر كاتەكتە چىقىشىپ ئۆتەتتى، ئۇلار چوڭ بولۇپ ئانىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، نوچىلىق تالىشىپ جېدەل تېرىيدىغان سوقۇشقاق خورازلارغا ئايلاندى.



# چاعىلعان ٴبىشەك

ٴبىشەك ٴادەتتى بويىنشا ٴار كٷنى كەلىندەگەن ۋاقىتتا سۋ ٴىشكىلى دەريا بويىنا كەلەدى. ٴبىر توپ ٴتورعاي اعىلىپ ٴوز-ٴوزى بىلەن ٴوزۋپ، دەريا سۋىندا ويناپ جۇرگەندى.

ٴبىشەك بەك ٴوسساپ كەتكەن بولسىمۋ، لاي سۋدى ٴىشپەي، سەۋر قىلىپ ساقلىدى.

ٴورەكلەر ٴاقىر جىنىمىشتى. ٴولار قىرعاققا شىعىپ، دەريادىن يىراقلاپ كەتىشتى. ٴبىشەك دەريا بويىعا قايتا كەلىپ ٴىگىشتى. سۋ يەنىلا لاي ٴىدى، ٴبىشەك سۋدى يەنە ٴىچمەي ٴبىشنى كٶتۈردى.

— ٴانا، ٴبىشەك دەريا بويىعا ٴىككى قېتىم كېلىپ، ٴبىر يۇتۇممۇ سۇ ٴىچمەي كەتتى، ٴۇ سۇنى نېمىشقا ٴىچمەيدۇ؟ — ٴبىر كىچىك پاقا ھەيران بولۇپ سورىدى ٴانىسىدىن.

— ٴبىشەك ٴۇسسۇزلۇقتىن ٴۆلسىمۇ لاي سۇنى ٴىچمەيدۇ، — دېدى جاۋاب بېرىپ ٴانىسى، — ٴۇ سۇ سۇزۇلۇپ دەريانىڭ تېگى كۆرۈنگۈچە مۇشۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ ٴاندىن ٴىچىدۇ.

— ۋايىەي، ٴبىشەك ٴەجەبمۇ جاھىلكىنا!

— ياق، بالام، بۇنى جاھىللىق دېمەيمىز، بەلكى چىدام، تاقەت دەيمىز، — ٴانىسى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى. — ٴبىشەك روھى ۋە جىسمانىي ٴازابقا چىدايدۇ. چىدام-تاقىتى ۋە سەۋرچانلىق روھى يوقلارنى ٴاندىن جاھىل دەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى تارقىتىش ئادرېسى





# بۆركۆتنىڭ ۋەسىيىتى

قېرىپ كەتكەن بىر بۆركۆت ساناقلىق كۈنى قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەممە يەردىكى باللىرىنى چاقىردى. ئۇ باللىرى يىغىلىپ تەق بولغاندا، ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، سەمىمىيلىك بىلەن چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن سىلەرنى بېقىپ قاتارغا قاتتىم، كىچىككىڭلاردىن تارتىپ كۆنگە تىك قارىيالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىدىم. كۆنگە قارىيالمايدىغان ئاكا-ئىنى، ھەدە-سىڭىللىرىڭلارنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم. شۇڭلاشقا، سىلەر باشقا قۇشلاردىن ئېگىز ئۇچۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئۇۋاڭلارغا يېقىنلاشقانلارنى نەس بېسىپ، ھەممە ھايۋانلار ئالدىڭلاردا غال-غال تىترەيدۇ. ئەمما، كۆڭلى-كۆكسىڭلارنى كەڭ تۇتۇڭلار، ئاجىز، قوغدىنىش كۈچى يوق ھايۋانلارغا چېقىلماڭلار. قەدىمكىلەرنىڭ «زورلۇقتا تايىنىپ پەقەت باشقىلارنى قورقۇتۇش مۇمكىنكى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن نەسىھىتىنى ئۇنتۇماڭلار. — بۆركۆت باللىرى ئىززەت-ئېكرام بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى، ئۇ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى: — ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالدى، ئەمما ئۇۋامدا ئۆلۈپ قالسام بولمايدۇ، قەتئىي بولمايدۇ! مەن تاكى قانىتىمدا جان قالمىغۇچە، قىزىق كۈن يالقۇنى كاردىن چىققان پەيلىرىمنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇچە، ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم يۇقىرىغا—قۇياشقا قاراپ ئۇچۇپ، ئاندىن دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىمەن.... —ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئېگىز تاغ، ھەيۋەتلىك چوققىلارنىڭ ئەكس سادالىرىمۇ يوقاپ، يەر-زېمىن تىپتىنچ

بولۇپ كەتتى، ــ ئەمما بىلىڭلاركى! ــ دېدى ئۇ ئاخىرىدا،ــ ھامان بىر كۈنى مۆجىزە يۈز بېرىدۇ: مەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە دېڭىزدىن كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ياش بۈركۈتكە ئايلىنىپ ئۇچۇپ چىقىپ، يېڭى ھاياتىمنى باشلايمەن. سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلارمۇ شۇنداق بولىدۇ. مانا بۇ بىز بۈركۈتلەرنىڭ تەقدىرى.

قېرى بۈركۈت سۆزىنى تۈگىتىپ، قانات قېقىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇچۇشنى باشلىدى. ئۇ نەچچە ئەۋلاد تەربىيىلىگەن، بىر ئۆمۈر ياشىغان تىك يار ئاسمىنىدا، سالماقلىق بىلەن مەغرۇرانە بىرنى ئايلاندى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەنىلا قۇياشقا قاراپ جەسۇرانە ئۇچۇۋاتقان ئاتىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇشاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# ئورمانلىقتىكى بوز تورغاي

تاغ ئېچىدىكى ئورمانلىقتا ماكان تۇتقان بىر جىمغۇر دەرۋىش كۈن بويى تالاغا چىقماي، بىر بوز تورغاينى دوست تۇتۇپ ياشايتتى. بىر كۈنى قوشنا قەلئەدىن ئىككى ياساۋۇل كېلىپ، ئۇنىڭدىن خېلى داڭقى بار بىر قانچە ئەمچى داۋالىغان بولسىمۇ، هالى بارغانچە خارابلىشىپ كېتىۋاتقان خوجايىنىنى داۋالاپ قويۇشنى ئۆتۈندى. دەرۋىش تورغىيىنى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن دەرهال يولغا چىقتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي قەلئەگە يېتىپ كەلدى.

تۆت ئەمچى كېسەلنى ئورىۋېلىپ، پىچىرلىشىۋاتاتتى.

— ئۈمىد يوق، — دېدى ئۇلاردىن بىرى پەس ئاۋازدا. دەرۋىش تورغايغا قاراپ پەگاهدا تۇراتتى. بوز تورغاي تورۇستا بىرنەچچە ئايلىنىپ، دېرىزە تاكچىسىگە قونغاندىن كېيىن، كېسەلگە كۆز ئۈزمەي قاراشقا باشلىدى.

— ئۇ ساقىيىدۇ، — دېدى دەرۋىش كەسكىنلا تورغىيىغا قاراپ.

— ماۋۇ قاراقورساقنىڭ يۈرىكىنى، ئەمچىلىكتىن بىخەۋەر تومپايمۇ كېسەل داۋالىغىلى كەپتا! — ئەمچىلەر تەڭلا ۋارقىراپ كېتىشتى. بىراق، سەكراتتىكى كېسەل ئۇلارنىڭ ئۈنى ئۆچمەيلا كۆزىنى ئاچتى، تورغايغا قاراپ كۈلمەكچى بولدى، ئاستا-ئاستا مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپ، ماغدۇرىغا كەلگەندەك بولدى. تۆت ئەمچى هەيران قېلىشتى. كېسەل زوۋانغا كېلىپ:

— خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن، — دېدى هالسىزغىنە.

قەلئەنىڭ خوجايىنى بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئالايىتەن دەرۋىشنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ، هاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان دەرۋىشكە رەهمەت ئېيتتى.

ـــ ماڭا رەھمەت ئېيتماڭ، ـــ دېدى دەرۋىش ئۇنىڭغا. ـــ مانا بۇ قۇش كېسىلىڭىزنى ساقايتتى. بوز تورغاي ھەرقانداق كېسەلنى داۋالاشقا ئەسقاتىدۇ. ئەگەر ئۇ كېسەلگە قارىماي، باشقا ياققا قارىۋالسا، كېسەلنىڭ ساقىيىشىدا ئۈمىد يوق؛ ئەگەر ئۇ كېسەلگە تىكىلىپ قارىسا، كېسەلنى ساقايتقىلى بولىدۇ. بۇ قۇش ئادەملەرنىڭ كېسىلىنى كۆز نۇرى ـــ ئاق كۆڭۈللۈك، كۆيۈمچانلىق ئارقىلىق داۋالايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





# چار يىلان بىلەن چۈغۈندەك


چۈغۈندەك بالىلىرى ئۈۋىسىدا بىر-بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، يېمەكلىك ئىزدەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئۈۋىدىكى چۈغۈندەك بالىلىرىنىڭ ھىدىنى پۇراپ قالغان بىر چار يىلان ئۇلارنى يەپ قورسىقىنى تويدۇرماقچى بولۇپ، چۈغۈندەك ئۈۋىسىغا قاراپ ياماشتى. دەل شۇ چاغدا بىر قۇرتنى چىشلىگىنىچە قايتىپ كەلگەن چۈغۈندەك ئۈۋىسىغا قاراپ يامىشىۋاتقان چار يىلانغا يالۋۇردى:

— ئۇنداق قىلما، بىگۇناھ بالىلىرىمغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، سەن پەقەت ئاڭلاپ باقمىغان ئەڭ يېقىملىق، تەسىرلىك ناخشىنى ئېيتىپ بېرەي، ئۇلارغا رەھىم قىلغىن...

چۈغۈندەك ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئورمانلىقتا ياڭرىدى. ئۇنىڭ ناخشىسى قايغۇ-ھەسرەتكە تولغان ناخشا ئىدى.

ناخشا ئاۋازىدىن تەمتىرەپ، ھولۇقۇپ كەتكەن چار يىلان چىشىدىكى زەھىرىنى پۈركۈشكە ماغدۇرى قالمىغاندەك تۈيغۇغا كېلىپ، يامىشىپ چىققان جايىدا توختاپ قالدى-دە، روھىنى تەندىن ئاجرىتىۋېتىدىغان بۇ ناخشا ئاۋازىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قۇلىقىنى قۇيرۇقى بىلەن ئېتىپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە بەدەر تىكىۋەتتى.







# ئاق تۇرنا

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاق كۆڭۈل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا سادىق ئاق تۇرنىلار ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن بەك ئەندىشە قىلىدىكەن. پادىشاھ ھەرۋاقىت خەتەرگە ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ تۇرىدىكەن، بولۇپمۇ ياۋۇز دۈشمەنلەر يېرىم كېچىدە ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئوردىنى ئاسانلا قورشىۋالىدىكەن.

—بىزنىڭ بىرەر ئامالىمىز بارمۇ؟ —ئورتاق مەسلىھەتلىشىپتۇ ئاق تۇرنىلار. —قاراۋۇللار يارىماس بىرنېمىلەر، ئۇلار ھەر كۈنى كەچتە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلماي بېشىنى چۆمكەپ ئۇخلايدۇ. تايغانلاردىنمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار كۈندە ئوۋغا چىقىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە قايتىپ كېلىدۇ. پادىشاھنىڭ خاتىرجەم ئۇخلىشى ئۈچۈن، ئوردىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى بىز ئۈستىمىزگە ئالايلى.

شۇنىڭ بىلەن ئاق تۇرنىلار قاراۋۇللۇق قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇلار ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، سانى ئەڭ كۆپ بىرىنچى گۇرۇپپا ئوردىنى ئوراپ تۇرغان كىچىك يولدا قاراۋۇللۇق قىلىشقا، ئىككىنچى گۇرۇپپا يولنىڭ چىقىش ئېغىزىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولىدىغان، ئۈچىنچى گۇرۇپپا پادىشاھنىڭ ياتاق ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پادىشاھ ئۇخلىغاندىن كېيىن، يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيدىغان بوپتۇ.

—ئەگەر قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان چېغىمىزدا، تاسادىپىي مۈگدەپ قالساق قانداق قىلىمىز؟ —دەپ سوراپتۇ بىر ياش ئاق تۇرنا.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۇنۇملۇك ئامالىم بار، — دەپتۇ ئاق تۇرنىلارنىڭ كەچۇرمىشى كۆپ، تەدبىرلىك ئاقساقىلى. — قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقاندا، بىر پۇتىمىزدا دەسسەپ، بىر پۇتىمىزدا بىر تاشنى تۇتۇپ تۇرىمىز. ئەگەر قايسىبىرىمىز مۈگدەپ قالساق، ئۇنىڭ پۇتىدىكى تاش چۈشۈپ كېتىدۇ-دە، باشقىلار تاشنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئويغىتىپ قويىدۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاق تۇرنىلار ھەر كەچتە نۆۋەتلىشىپ قاراۋۇللۇق قىپتۇ. قاراۋۇللۇق قىلغاندا، ھەر ئىككى سائەتتە پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ، بىر پۇتىدا دەسسەپ تۇرۇپتۇ. بىراق، ئۇلار مەسئۇلىيەتچان، ئالىيجاناب، سەمىمىي، ساداقەتمەن بولغاچقا، ھېچقايسىسىنىڭ پۇتىدىكى تاش بىرەر قېتىممۇ چۈشۈپ كەتمەپتۇ.







# تۆلكە بىلەن سېغىزغان

ئېچىرقاپ كەتكەن بىر تۆلكە يولدىن ئېزىپ قېلىپ، ئورمانلىقتا ئۇزاق چۆرگىلەپ يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىر يوغان بىر تۈپ دەرەخ ئاستىغا كەلدى. دەرەختە بىر توپ سېغىزغان شاراقلىشىپ ئارام ئېلىۋاتاتتى.

تۆلكە قويۇق ئۆسكەن چۆپلۈككە مۆكۈپ تۇرۇپ سېغىزغانلارنى كۆزەتتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي سېغىزغانلارنىڭ يەرگە چۈشۈپ نېمە كەلسە، ھەتتا ھايۋانلارنىڭ تاپىنىمۇ قورقماي چوقۇلاۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

— شۇنداق قىلاي، تەلىيىمنى سىناپ باقاي، — دېدى ھىلىگەر تۆلكە ئۆز-ئۆزىگە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقان ھالدا سەمرىپ پارقىراپ كەتكەن سېغىزغانلارغا قاراپ. ئۇ سېغىزغانلارنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، دەرەخ ئاستىدا ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي، پۇتلىرىنى سوزغان ھالدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالدى.

ھايال ئۆتمەي بىر سېغىزغان دەرەختىن چۈشۈپ، ئاستا-ئاستا چۆپلۈكتە تىنماي ياتقان تۆلكىگە يېقىنلاشتى. ئۇ تۆلكىنىڭ تىلىنى چوقۇي دەپ تۇمشۇقىنى تۆلكىنىڭ ئاغزىغا تىقىشىغا، ئۇنىڭ بېشىنى تاختىمۇشۇككە ئوخشاش بىر نەرسە مەھكەم قىسىۋالدى.






ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ساقىيقۇش

ساقىيقۇش يېمەكلىك ئىزدەپ چىقىپ كېتىشىگە، مۆكۈپ ياتقان بىر چار يىلان ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا قاراپ ياماشتى. ئەتىلىمە گۆش ساقىيقۇش باللىرى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان چار يىلان ئۇۋىغا يامىشىپ چىقىپ ئۇلارغا قول سالدى. ھەممە ساقىيقۇش باللىرىنى چېقىپ، جىنايى قىلمىشىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولغان چار يىلان مۆكۈپ ياتقان ئەسلىدىكى جايىغا قايتىپ كېلىپ، ساقىيقۇشنىڭ داد-پەرياد ئېيتىۋاتقان پەرىشان ھالىنى تاماشا قىلماقچى تەييار تۇردى.

ساقىيقۇش تېزلا قايتىپ كەلدى. ئۇ ھەممە باللىرىنى زەھەرلىك يىلان چېقىۋالغانلىقىنى بىلىپ، قاتتىق ئۇن سېلىپ ئېچىنىشلىق يىغلىدى. ھەممە سۈكۈتكە چۆمدى. ئورمانلىقتا بۇ ھەيران قالارلىق قەبىھ قىلمىشتىن ھاڭ-تاڭ قالمىغان ھېچنېمە قالمىدى.

—مەن سىلەرسىز ياشاپ نېمە قىلاي! —ساقىيقۇش باللىرىنىڭ ئۆلۈكىگە قاراپ بوغۇلۇپ سۆزلەيتتى، —مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە ئۆلۈپ كېتەي! —ساقىيقۇش تۇمشۇقىنى كۆكسىگە كۈچەپ سانجىدى. ئۇنىڭ كۆكسىدىن چىققان قىپقىزىل ئىسسىق قان گويا كىچىك ئېقىندەك تىنىقتىن قالغان باللىرىغا ئاقتى. ئاخىرقى نەپەسى قالغان ساقىيقۇش ئۆلۈك باللىرى ياتقان ئۇۋىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قاراپ، بىردىنلا چۆچۈپ قاتتىق بىر سىلكىندى. ئاجايىپ ئىش! ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە مېھرى باللىرىنىڭ جېنىنى ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىۋالدى. بىراق، ئۇ چەكسىز شادلىق ئىچىدە نەپەستىن قالدى.





# يىلان ئالۋاستى

مىليونلىغان يىللارنىڭ ئالدىدا، ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شىمالى بوك-باراقسان قويۇق ئورمانلىق بولۇپ، ئۇ يەردە ھەر خىل جانىۋارلار ياشايدىكەن. يامغۇردا شەكىللەنگەن ئېقىنلىرىدا بولسا سۇ ھايۋانلىرى ئىنتايىن مول ئىكەن.

بۇ زېمىندا بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت غەلىتە بىر مەخلۇق پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ قۇش دېسە قۇشقا، يىلان دېسە يىلانغا ئوخشىمىغاچقا، يىلان ئالۋاستى دەپ ئاتىلىپتۇ.

ئۇنىڭ زەھەرلىك قاسىرقى تېنىنى بېلىقنىڭكىدەك بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە قاپلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە شەپەرەڭنىڭكىدەك قانىتى بار ئىكەن.

بۇ غەلىتە مەخلۇق قارىسا، كۆزىدىن زەھەرلىك نۇر چېچىلىدىغان بولغاچقا، ئورمانلىقتىكى چوڭ-كىچىك ھايۋانلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ دەككە-دۈككىدە ياشايدىكەن. ئەگەر ئۇ پىلغا بىرلا قاراپ قويسا، پىل ئۇنىڭ زەھەرلىك كۆز نۇرىنىڭ زەربىسىدە شۇئان يىقىلىپ، ھوشىنى يوقىتىدىكەن، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ پىلنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىكەن.


ھەممىدىن بەك يامان بولغىنى، يىلان ئالۋاستى پەيدا بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ھايۋانلار ئارىسىدا ۋابا تارقىلىپتۇ.

شۇ ۋەجىدىن، بەختكە يارىشا ئامان قالغان ھايۋانلار ئۇزاق زامانلار ياشاپ، كۆپىيىپ كەلگەن يۇرت-ماكانلىرىنى تاشلاپ، ۋەھىمە قاپلىغان بۇ جايدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىشنى بىرلىكتە قارار قىلىشىپ، بىر كېچىدە

بىراقلا غايىب بوپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە، يىلان ئالۋاستى ئادەتتە گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئوۋ ئىزدەپتۇ، ئەمما بىرەر ھايۋاننىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچرىتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ غەلىتە مەخلۇق بىردىنلا دەرغەزەپلىنىپ، غالجىرلاشقان ھالدا زەھەرلىك كۆز نۇرىنى چوڭ دەرەخلەرگە چېچىپتىكەن، دەرەخلەر شۇئان يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، شاخلىرى قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىنىپتۇ؛ ئارقىدىن يەر بىلەن تاشلارغا چېچىپتىكەن، ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ، تاشلار كۇكۇم-تالقان بولۇپ كېتىپتۇ، ئاندىن ئېقىنلارغا چېچىپتىكەن، ئېقىنلارمۇ قۇرۇپ، ئاستى كۆرۈنۈپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، قايناق ھاياتقا تولغان بۇ جاي كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىتتا، دەشت-باياۋانغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.







# چەت ئەللىك

چەت-ياقىدىكى توسكان بازىرىغا بىر چەت ئەللىك كەلدى. ئۇ ئۆز ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە يەرلىك كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، راست-يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆزى تۇغۇلغان بازارنى بىر ھازا ماختىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بازار ھەقىقەتەن ئاجايىپ-غارايىپ، ئانام-دادامدىن باشقا ھەممىسى بار كاتتا بازار بولۇپ، بۇ چەت، نامرات يېزا بازىرىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىكەن.

بۇ گەپدان مېھماننىڭ ئەتراپىغا بىر توپ ئادەملەر ئولاشتى. ھايال ئۆتمەي بازاردىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدىغان ئەڭ دانا كىشىمۇ يېتىپ كەلدى.

—سىز شۇنچە يىراق جايدا تۇغۇلغان بولغاندىكىن، دېگىنىڭىزنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە بەرھەق راست، تالاش-تارتىش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق بولىدۇ، —دېدى ئۇنىڭ گېپىنى بىر دەم ئاڭلىغان دانا ئەدەپ بىلەن ئالدىغا يېقىن بېرىپ.

بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولغان چەت ئەللىك گويا «بىزنىڭ ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنى كۆرۈپ بېقىڭلار» دېگەندەك قىلىپ، قوللىرىنى بىلىگە تېرەپ گىدەيگەن ھالدا ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى.

—قەدىرلىكىم، —دېدى مېھماننىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ يەتكەن دانا يەنە ئېغىز ئېچىپ، —ئۇ بازىرىڭىزنىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىقىغا شەك-شۈبھىسىز ئىشەندۇق. چۈنكى، بۇ چەت جايدىكى كىشىلەر سىزدەك ئاجايىپ-غارايىپ ئادەمنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان.

www.uyghurkitap.com

[General Information]
书名=蝙蝠和燕子　维吾尔文
SS号=40229172